

ئومۇمىي 77-سان

2026 يانۋار-فېۋرال

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

2026 يانۋار-فېۋرال

ئومۇمىي 77 -سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسى ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.


باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئازادئاي غەيرەت

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org



ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**


6 009800 461091 >



مۇقاۋىدىكى رەسىملەردە لاگېر تۇتقۇنى
ئاسمىگۇل ئابلىز ئوبرازى

## 77 ـ ساندىكى ئەسەرلەر


| ئەسەر ئىسمى | ئاپتورى | بەت |
|---|---|---|
| سىز خىتاي ھەققىدە ئېيتالمايدىغان يەتتە ئىش | توم كاتىن | 1 |
| ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى خىتايغا قارىتىلغان ئاڭلىتىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى جاكارلىدى | | 11 |
| ئانا تىل ئاشىقى قۇددۇس ھافىز | ھاجى ئەكبەر | 15 |
| شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى سىنىغا ئالغان خىتايغا ئامېرىكىدا سىياسىي پاناھلىق بېرىلدى | گاردىيان گېزىتى | 19 |
| ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى سىستېمىلىق زۇلۇمغا قارشى خەلقئارانىڭ جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشىنى تەلەپ قىلدى | مۇسلىم پوست | 27 |
| قاماقتىكى روھلار: خىتاي تۈرمىسىدىكى ئۇيغۇر مەھبۇسلارنىڭ شېئىرلىرى | ئۇيغۇر كۆكئارت | 29 |
| خىتاي ئارمىيەسىدىكى تازىلاش ھەرىكىتى | دارىيا ئىمپىيومباتو، ھېلىنا لىگاردا | 35 |
| 2026ـ يىلى ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۈچەيتىش | بروس روزېنشتېين | 41 |
| توكېر كارلسون قانداق بولۇپ ئاشقۇن ئوڭچىلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك سادالىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالدى؟ | تېرىي گروس | 46 |
| سول مېڭىنىڭ ۋە ئوڭ مېڭەنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى | كېندرا چېررى | 51 |
| ئويۇن نەزەرىيەسى دېگەن نېمە؟ | كورسئېرا | 60 |
| دوپامىن ئادەتلىرى قىزغىنلىقنى ئۇرغۇتالايدۇ | نوما نازىش | 62 |
| خىتاينىڭ چەتئەللەرگىچە سوزۇلغان نازارىتى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى قانداق يالغۇز قالدۇرۇۋاتىدۇ | ھېنرى سزادىسۆېسكىي | 70 |
| باشقىلارنى ھاقارەتلەش ۋە ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولامدۇ؟ | مەمەت ئېمىن دوختور | 75 |
| دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار | ئۆتكۈر ئالماس | 79 |

# سىز خىتاي ھەققىدە ئېيتالمايدىغان يەتتە ئىش




## توم كاتىن

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى سېناتورى

# سىز خىتاي ھەققىدە ئېيتالمايدىغان يەتتە ئىش

تومى كاتىن

## بىرىنچى: خىتاي بىر رەزىل ئىمپېرىيە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بۈگۈنكى كۈندە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ زور قۇدرەتكە ۋە تېخىمۇ مۇتلەق كونتروللۇققا ئىگە بولدى. شى جىنپىڭ ماۋ زېدۇڭدىنمۇ قۇدرەتلىك بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ماۋ زېدۇڭ بۈگۈنكى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ قولىدىكى ئىلغار تېخنولوگىيەلىك قوراللارنى پەقەت چۈشىدىلا كۆرەلەيتتى. خىتايدا كومپارتىيەنىڭ كۆز-قۇلاقلىرى ھەممە يەردە بولۇپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئەڭ چوڭ تەھدىت دەپ قارالغان خىتاي خەلقىنى دائىم كۆزىتىپ ۋە ئوغرىلىقچە تىڭشاپ تۇرىدۇ. خىتاي ھەربىي چىقىمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. ئەمما ھۆكۈمەت يەنىلا ئۆز خەلقىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ھەربىي چىقىمى بىلەن باراۋەر مىقداردا مەبلەغ سەرپ قىلماقتا.

كومپارتىيە يەرلىك ھۆكۈمەتلەر بىلەن ماسلىشىپ، جورج ئورۋېلنىڭ «1984» ناملىق رومانىدا تەسۋىرلەنگەن بىر ساقچى دۆلىتىنى بەرپا قىلدى. بۈگۈن 2 مىليون ساقچى خىتاي كوچىلىرىنى نازارەت قىلماقتا. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا يەنە تەخمىنەن 3.5 مىليون شەخسىي بىخەتەرلىك خادىمى ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى 660 مىڭ ئەسكەر بار. بۇ ساقچى دۆلىتى كوممۇنىستلارنىڭ بىردىنبىر، ئېنىق نىشانى بولغان مۇتلەق كونتروللۇقنى قوغلىشىدۇ. ھەر بىر ساقچى خادىمى «خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداش»قا قەسەم بېرىدۇ. «خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى»نىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرىمۇ «خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش»تىن ئىبارەت. شى جىنپىڭ ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنى دۆلەت كونتروللۇقى «پىچىقىنىڭ دەستىسى» دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ پىچاقنىڭ سېپى پارتىيەنىڭ قولىدا، تىغى بولسا خىتاي خەلقىنىڭ بوغۇزىغا تىرەپ تۇرۇلماقتا.

ئادەتتىكى بىر خىتاي پۇقراسى ئۆز شەھىرىدە پىيادە ماڭغاندا ياكى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ھەر كۈنى ئۇچرىتىدىغىنى پەقەت ساقچىلارلا ئەمەس، بەلكى ھەممە يەرگە

ئورنىتىلغان كامېرالاردۇر. دۇنيادىكى جەمئىي بىر مىلياردقا يېقىن كۆزىتىش كامېراسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى خىتايدا بولۇپ، بۇ كامېرالار دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار سۈنئىي ئىدراك ۋە چىراي تونۇش يۇمشاق دېتاللىرى بىلەن تەمىنلەنگەن. كومپارتىيەنىڭ دەۋاسىچە، بۇ كامېرالار خىتاينىڭ 1.4 مىليارد نوپۇسىدىن ئۆز خالىغان كىشىنىڭ كىملىكىنى بىر سېكۇنت ئىچىدىلا پەرقلەندۈرەلەيدىكەن.

رېئال دۇنيادىن رەقەملىك دۇنياغا قېچىپ قۇتۇلۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە، كوممۇنىستىك پارتىيە تور بوشلۇقىنى تېخىمۇ تولۇق كونترول قىلىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان، كومپارتىيە «بىخەتەر ۋە كونترول قىلغىلى بولىدىغان تور» نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن، «بۈيۈك تور سېپىلى» (The Great Firewall) دەپ ئاتالغان سىستېمىنى قۇرۇپ چىقتى. خىتاي بۇ تور سېپىلىنى قوغداش ئۈچۈن ئىككى مىليوندىن ئارتۇق تور نازارەتچىسىنى ئىشقا سالدى. خىتاي تور نازارەتچىلىرى كوممۇنىستىك ئىدىيەگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان مىلياردلىغان يوللانمىلارنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. شىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆمۈرۋايەت ئۆتىشگە يول ئېچىش ئۈچۈن، كومپارتىيە رەئىسلىك ۋەزىپە مۇددىتى چەكلىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. تيەنئەنمېن مەيدانى قىرغىنچىلىقىنىڭ خاتىرە كۈنلىرى ھارپىسىدا، تور نازارەتچىلىرى «4-ئىيۇن» غا ئائىت ئۇچۇرلاردىن باشقا، «شۇ يىل» ۋە «شۇ كۈن» دېگەن سۆزلەرنىمۇ چەكلەنگەن سۆزلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزىدۇ. پارتىيە ھەتتا ئۈندىدار (WeChat) غا ئوخشاش ئەپلەردىكى شەخسىي پاراڭلارنىمۇ نازارەت قىلالايدىغان بولۇپ، ئۇچۇر ئەۋەتكۈچىگە ھېچقانداق ئۇقتۇرۇش قىلمايلا سۆزلەرنى ئۆزلۈكىدىن ئۆچۈرۈۋېتەلەيدۇ ياكى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ.

كومپارتىيەگە قارىتىلغان، مەيلى توردا ياكى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ھەر قانداق يازمىچە تەنقىد ئۇنى يازغان ئاپتورنىڭ خىزمىتىدىن قوغلىنىشىنى، پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىشىنى ياكى تۈرمىگە تاشلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق توختاۋسىز بېسىملارنىڭ نەتىجىسىدە، خىتايدىكى يازغۇچىلار ۋە ۋىجدان سادالىرى دۆلەت تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىپلا قالماي، بەلكى ئۆزىنى ئۆزى سېنزور قىلىدىغان بولۇپ قالدى. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن جۇڭگولۇق يازغۇچى مۇروڭ شۆسۈن (Murong Xuecun) ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە توختىلىپ: «مەن بىر ئاكتىپ ئاقتىقمەن، جاراھەت دوختۇرى ئوپېراتسىيە پىچىقىنى كۆتۈرۈشتىن بۇرۇنلا ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئاقتا قىلىۋېتىمەن» دېگەن ئىدى. ئاقىۋەتتە ئۇ يەنىلا خىتايدىن قېچىپ چىقىپ، مۇساپىرلىقتا ياشاشقا مەجبۇر بولدى.

خىتاي قانۇنلىرى ئۆكتىچى پىكىرلەرنى بېسىقتۇرۇش ۋە ھەممە ئادەمنى «ئۆچرەتتىكى جىنايەتچى»گە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قەستەن مۈجمەللەشتۈرۈلگەن. ئەيىبلەش نىسبىتىنىڭ 99.9 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولۇشى جازانىڭ مۇقەررەرلىكىدىن شەك قىلدۇرمايدۇ.

پارتىيە ئۆز پۇقرالىرىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى قولغا ئېلىش ياكى تۈرمىگە تاشلىشى شەرت

ئەمەس. پارتىيە «ئىجتىمائىي ئىناۋەت نومۇرى» دەپ ئاتىلىدىغان تېخمۇ سۇيىقەستلىك كونترول قىلىش شەكلىنى سىناق قىلدى. ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىدىكى ئىناۋەت نومۇرى مالىيە جەھەتتىكى ئىشەنچلىكلىكنى ئۆلچىسە، خىتاينىڭ ئىجتىمائىي ئىناۋەت نومۇرى سىياسىي جەھەتتىكى ئىشەنچلىكلىكنى ئۆلچەيدۇ. تېخمۇ يامان بولغىنى، ئىجتىمائىي ئىناۋەت نومۇرىنىڭ تۆۋەن بولۇشى بىر كىشىنىڭ پەقەت بانكا قەرزى ئېلىش ئىمكانىيىتىگىلا ئەمەس، بەلكى خىزمەتكە ئورۇنلىشىش، پويىز بېلىتى سېتىۋېلىش ياكى چەت ئەلگە ساياھەتكە چىقىش ئىمكانىيىتىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. پەقەت 2019-يىلىنىڭ ئۆزىدىلا، پارتىيە ئىجتىمائىي ئىناۋەت نومۇرى تۆۋەن كىشىلەرنىڭ ئاز دېگەندە 30 مىليون قېتىملىق ئايروپىلان بېلىتى ۋە يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىز بېلىتى سېتىۋېلىشىنى چەكلىدى.

ئورۋېل مۇتلەق مۇستەبىت ھۆكۈمەتنى «ئىنسان يۈزىنى مەڭگۈ دەسسەپ تۇرىدىغان بىر جۈپ ئۆتۈك»كە ئوخشاتقان ئىدى. كوممۇنىستىك خىتايدا بولسا، بۇنىڭغا «يۈزنىڭىزنى مەڭگۈ نازارەت قىلىپ تۇرىدىغان ئەقلىيفون ئەپى»نى قوشۇپ قويۇشقا بولىدۇ. ھەر بىر خىتاي پۇقراسى مانا مۇشۇ ساقچى دۆلەتنىڭ تەقىبى ئاستىدا ياشايدۇ. بەزى ياقتۇرۇلمايدىغان گۇرۇپپىلار بۇنىڭدىنمۇ ۋەھشىي مۇئامىلىلەرگە ئۇچرايدۇ.

### خىرىستىيانلارغا قىلىنغان زىيانكەشلىك

نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، خىتاي دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ خىرىستىيان جامائەتلىرىدىن بىرىگە، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بېسىمغا ئۇچرىغان خىرىستىيان نوپۇسىغا ئىگە. خىتايدىكى تەخمىنەن 70 مىليوندىن 100 مىليونغىچە بولغان خىرىستىيانلار — يەنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جەمئىي ئەزا سانىغا دېگۈدەك تەڭ كېلىدىغان بىر گۇرۇپپا — كوممۇنىستىك ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا ئازاب چەكمەكتە. بۇ، پاراكەندىچىلىككە، چەتكە قېقىلىشقا ۋە خورلىنىشقا ئۇچرىغان مۇشۇ ئېتىقادچىلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ كۈرۈنەرلىك ئىسپاتىدۇر.

خىتايدىكى خىرىستىيانلار ئۆز ئېتىقاد پائالىيەتلىرىنى يا پارتىيەنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىشى، ياكى قانۇنسىز ھالەتتە ئېلىپ بېرىشى شەرت. خىتاي قانۇنىغا ئاساسەن، چىركاۋلار چوقۇم ھۆكۈمەتكە تىزىملىتىشى ۋە پارتىيە تەرىپىدىن تەستىقلانغان دىنىي زاتلارنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. تىزىملاتقان چىركاۋلاردا چوقۇم خىتاي بايرىقى لەپىلدەپ تۇرۇشى لازىم. شۇنداقلا بۇ چىركاۋلار ئۆز ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشى، ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزلەرنى ۋە باشقا دىنىي تەلىماتلارنى سېنزور قىلىشىغا (تەكشۈرۈپ چەكلىشىگە) يول قويۇشى كېرەك.

كاتولىك چېركاۋىغا كەلسەك، پارتىيە ئونلارچە يىللاردىن بېرى رىم پاپاسىنىڭ تەستىقىسىزلا «ئېپىسكوپ»لارنى تاللاپ كەلدى. شۇنداقلا رىم پاپاسى فىرانسىس بىلەن تۈزۈشكەن 2018 ـ يىللىق مەخپىي كېلىشىمگە ئاساسەن، ئېپىسكوپ تاللاش ئىشلىرىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى زور تەسىرىنى يەنىلا ساقلاپ قالدى. تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى، رىم پاپاسى ئىلگىرى چېركاۋ تەرىپىدىن دىنىدىن چەقىرىۋېتىلگەن جۇڭگولۇق ئېپىسكوپلارنىڭ قانۇنلۇق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقىمۇ قوشۇلدى.

ئون مىليونلىغان خىتاي خرىستىيان ئۆز ئېتىقادىنىڭ كوممۇنىستلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىشىغا باش ئېگىشنى رەت قىلماقتا. خىتايدىكى خرىستىيانلارنىڭ ئاز دېگەندە يېرىمى ھۆكۈمەتكە تىزىملىتىلمىغان چېركاۋلاردا ئىبادەت قىلىدۇ. پەقەت بېيجىڭنىڭ ئۆزىدىلا تەخمىنەن ئىككى مىڭدەك «ئائىلە چېركاۋى» بارلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ. بۇ مەيلى قەيسەرنىڭ قوشۇنلىرى بولسۇن ياكى شىنىڭ ئىدىيە ساقچىلىرى بولسۇن، مۇستەبىتلەرنىڭ خۇدانىڭ كالامىنى ھەرگىز جىمىقتۇرالمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەرمەكتە.

لېكىن كوممۇنىستىك پارتىيە جەرىمانە قويۇش، مەجبۇرىي كۆچۈرۈش، تۈرمىگە تاشلاش ۋە بۇ چېركاۋلارنى تۆپتىن ۋەيران قىلىش بەدىلىگە بولسىمۇ، دىنىي ئەقىدىدىكىلەرنى جىمىقتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىزچىل ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. 2016 ـ يىلى، خىتايدىكى بىر چېقىش ئەترىتىنى بىر پوپ ۋە ئۇنىڭ ئايالى چېركاۋنى چېقىشنى توختىتىشقا ئۇرۇنغاندا، ئۇلارنى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن تىرىكلا كۆمۈۋەتكەن. پوپنىڭ ئايالى خارابىلىك ئاستىدا تۇنجۇقۇپ قېلىپ، پاجىئەلىك ھالدا قازا قىلغان.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھۆكۈمەتكە تىزىملاتمىغان خرىستىيانلار قولغا ئېلىنىشقا ۋە «ئۆزگەرتىش» ياكى «ئىسلاھ قىلىش» ئورۇنلىرىغا قامىلىشقا دۇچ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئۇ يەرلەردە «خاتالىقىنى تونۇغانغا قەدەر» تاياق يەيدۇ ۋە روھىي جەھەتتىن قىيىن ـ قىستاقلارغا ئۇچرايدۇ. لېكىن بەزى بىرىنچى قول مەنبەلەر تىزىملىتىلمىغان خرىستىيانلارنىڭ جەمئىيەتتىن ئايرىۋېتىلگەن لاگېرلارغا ئەۋەتىلگەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

شى جىنپىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى پارتىيەنىڭ خرىستىيان دىنىغا قارشى باستۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۇ بالىلارنىڭ چېركاۋغا بېرىشنى چەكلىدى. يەكشەنبە مەكتەپلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە مەكتەپ يېشىدىكى بالىلاردىن ئاتېئىزمدا چىڭ تۇرۇش ھەققىدە ۋەدەنامىگە ئىمزا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ كېيىنكى ئەۋلادلار ئارىسىدىن خرىستىيان ئېتىقادىنى تۆپتىن يوقىتىشقا قارىتىلغان ئېنىق بىر سۈيىقەستتۇر. كومپارتىيە يەنە خىتايدىكى تور سودىگەرلىرىنىڭ «ئىنجىل» سېتىشىنى چەكلىدى،

ئامېرىكا سورۇنلاردىكى مېڭىلغان كىرېستلارنى يوقاتتى، شۇنداقلا سانى ئۆزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقان چېركاۋلارنى چېقىپ تاشلىدى. پارتىيە ئەزالىرى خرىستىيانلارنى ئەيسانىڭ ۋە مەريەمنىڭ سۈرەتلىرىنى شىنىڭ سۈرەتلىرىگە ئالماشتۇرۇشقا مەجبۇرلىدى.

يەرلىك كوممۇنىست ئەمەلدارلار ھەتتا روژېستۋا بايرىمى زىننەت بۇيۇملىرىنى ۋە بايرام تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنىمۇ چەكلىدى.

پارتىيە خرىستىيانلارنى مۇشۇنداق چەتكە قېقىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئېتىقادنى ئىچىدىن بۇزۇۋېتىش ۋە خرىستىيانلارنى دىنسىزلاشتۇرۇشنى نىشان قىلماقتا. پارتىيە «ئىنجىل»نى سۆزمۇسۆز قايتا يېزىۋاتقان بولۇپ، 2029-يىلىغىچە خۇدانىڭ كالامىنى ماۋنىڭ سۆزلىرىگە ئالماشتۇرىدىغان يېڭى بىر «تەرجىمە» نۇسخىسىنى ئېلان قىلىشنى ئۈمىد قىلماقتا. مەسىلەن، يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 8-باب 7-11-ئايەتلەردە، ئەيسادىن «بىر ئايالنىڭ زىنا قىلغانلىق جىنايىتى ئۈچۈن چالما-كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەكمۇ-يوقمۇ؟» سورىلىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا: «ئاراڭلاردا كىمنىڭ جىنايىتى بولمىسا، شۇ ئادەم ئاۋۋال ئاشۇ ئايالغا تاش ئاتسۇن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كىشىلەر تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەيسا ھېلىقى ئايالغا: «بارغىن، بۇنىڭدىن كېيىن زىنا قىلمىغىن» دەيدۇ. لېكىن كوممۇنىستلار يازغان نۇسخىدا بولسا، ئەيسا ئاما تارقىلىپ كەتكۈچە ساقلايدۇ، ئاندىن ئاشۇ ئايالنى ئۆزى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ ۋە بۇنى: «مەنمۇ بىر جىنايەتچى، لېكىن ئەگەر قانۇننى پەقەت ھېچقانداق قۇسۇرى بولمىغان كىشىلەرلا ئىجرا قىلسا، قانۇن ئۆلگەن بولىدۇ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. مەيلى سىز خرىستىئان بولۇڭ ياكى بولماڭ، بۇ ۋەقە كىشىنى چۆچۈتىدۇ. كوممۇنىستلار ئۈچۈن ھېچقانداق مۇقەددەسلىك يوق.

ئامېرىكادا بارلىق ئىنسانلار قانۇن ئالدىدا باراۋەر. چۈنكى بارلىق ئىنسانلار خۇدانىڭ ئالدىدا باراۋەردۇر. كوممۇنىستلار ئۈچۈن بولسا ئىنساني باراۋەرلىك مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە خۇدا يوق. كوممۇنىزم تۈزۈمىدە، بىر ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ پارتىيەگە قانداق ئەسقاتىدىغانلىقىغا باغلىق.

پارتىيە خرىستىيانلارنى تەھدىت دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلارنى تەقىب قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بەلكىم خىتايدىكى خرىستىيانلار دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دىني جامائەتكە مەنسۇپ بولغانلىقى ۋە سىرتتا كۈچلۈك ھامىيلىرى (قوللىغۇچىلىرى) بولغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك، پارتىيەنىڭ ئۇلارغا قىلغان زىيانكەشلىكى — پارتىيە تېخىمۇ چوڭ تەھدىت دەپ قارايدىغان فالۇنگۇڭ، تىبەتلەر ۋە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى قاتارلىق گۇرۇپپىلارنى باستۇرۇش ئۇسۇلىغا سېلىشتۇرغاندا بىر قەدەر يېنىكرەكتۇر.

## فالۇنگۇڭ ۋە ئۆكتىچىلىكنىڭ بەدىلى

1992 ـ يىلى قۇرۇلغان خىتاينىڭ روھانىي ھەرىكىتى بولغان فالۇنگۇڭ، خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىن ۋە بۇددا دىنىدىن ئىلھام ئالىدۇ ھەمدە «سەمىمىيلىك، مېھرىبانلىق ۋە سەبىرچانلىق»نى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولسا، بۇ ھەرىكەتكە دۈشمەنلىك قىلىدۇ. سىز فالۇنگۇڭ مۇخلىسلىرىنى ئاممىۋى باغچىلاردا قىلىدىغان نەپەس مەشىقلىرىدىن تونۇۋالالايسىز. بۈگۈنكى خىتايدىكى خىرىستىيانلىققا ئوخشاشلا، فالۇنگۇڭ مۇخلىسلىرىنىڭ سانىمۇ بىر چاغلاردا كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ رەسمىي ئەزالىرىنىڭ سانىغا يېقىنلاشقان بولۇپ، مەشىق قىلغۇچىلارنىڭ سانى تەخمىنەن 70 مىليوندىن 100 مىليونغىچە دەپ مۆلچەرلەنگەن ئىدى. بۇ يېڭى رۇھانىي ھەرىكەت تارقالغاندا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى دەسلەپتە ئۇنىڭدىن ھېچقانداق تەھدىت ھېس قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جەريان ئاساسەن توسالغۇسىز ئېلىپ بېرىلدى.

بىراق، 1999 ـ يىلى ھەممە نەرسە ئۆزگەردى. شۇ يىلى كۆپ قىسمى ياشانغانلاردىن تەركىب تاپقان مىڭلىغان فالۇنگۇڭ مەشىق قىلغۇچىلىرى كوممۇنىستىك پارتىيە مەھكىمىسىنىڭ سىرتىدا تىنچ، تەرتىپلىك ۋە جىمجىت نامايىش ئۆتكۈزدى. بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن، نامايىشچىلار خۇددى كەلگەن چاغدىكىدەك ئىنتايىن تەمكىنلىك بىلەن تارقاپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، بۇ يىغىلىش خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. بۇ ئەھۋال پارتىيە رەھبەرلىرىنى ۋەھىمىگە سالدى ۋە غەزىپىنى قوزغىدى. ئۇلار پارتىيە سىرتىدىكى بىر گۇرۇپپىنىڭ بۇنچىلىك زورىيىپ كەتكەنلىكىگە، ئاندىن كېلىپ پارتىيەنىڭ ئاممىۋى ئابرۇيىغا ۋە كوممۇنىستىك ئىدىئولوگىيەگە جەڭ ئېلان قىلغانلىقىغا غەزەپناك بولدى.

نامايىشتىن كېيىنكى بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە، پارتىيە فالۇنگۇڭنى «شەيتانىي نىيەتتىكى تەرىقەت» (شەيتانىي دىن) دەپ ئاتىدى. شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتىكى باش شۇجى جياڭ زېمىن بۇ ھەرىكەتنى «تارمار قىلىش» (يوقىتىش) ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. بىر دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ جاكارلىغان: «ئۇلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلارمۇ ھېچقانداق گەپ يوق. ئەگەر تاياق يەپ مېيىپ بولۇپ قالسا، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى زەخىملەندۈرگەنلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۆلۈپ كەتسە، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىق دەپ ھېسابلىنىدۇ!» پارتىيە يەنە قانۇنغا ھېچقانداق پىسەنت قىلماي، فالۇنگۇڭنى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئالاھىدە بىر بىخەتەرلىك ئورگىنىنى قۇردى.

ئاقىۋەتتە كومپارتىيە پالۇنگۇڭچىلارنى باستۇرۇش يولىنى تۇتتى. خىتاينىڭ ساقچى ۋە بىخەتەرلىك قىسىملىرى يۈز مىڭلىغان پالۇنگۇڭ مەشىق قىلغۇچىلىرىنى ۋە رەھبەرلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، تۈرمىلەرگە ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرلىرىغا قامىدى. نازارەتچىلەر بۇ مەھبۇسلارنى قىيناپ، پۈتۈن بەدىنى كۆيۈپ كەتكۈچە يۇقىرى بېسىملىق توك توقماقلىرى بىلەن توكقا تۇتتى. شۇندىقلا ئۇلارنى يېمەك ـ ئىچمەكتىن ۋە ئۇيقۇدىن مەھرۇم قويدى.

كومپارتىيە يەنە ئۇلارغا قارشى ۋەھشىي ۋاستە قوللىنىپ، مەجبۇري ھالدا پالۇنگۇڭ مەھبۇسلىرىنىڭ ئەزالىرىنى ئېلىۋالدى. ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ھوقۇق بېرىشى بىلەن قۇرۇلغان «كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە ۋەقپى»نىڭ ئاشكارىلىشىچە، باستۇرۇش باشلىنىپلا خىتايدىكى ئەزا كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلىدىغان دوختۇرخانىلارنىڭ سانى گۇمانلىق بىر شەكىلدە ئۈچ ھەسسىدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن بۆرەك كۆچۈرۈش نىسبىتى 500% تىن، يۈرەك كۆچۈرۈش نىسبىتى 1100% تىن، جىگەر كۆچۈرۈش نىسبىتى 1800% تىن، ئۆپكە كۆچۈرۈش نىسبىتى بولسا 2500% تىن ئېشىپ كەتكەن. پارتىيەنىڭ پالۇنگۇڭغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشىنىڭ تۇنجى ئون يىلىدىلا، تەخمىنەن 65 مىڭ مەشىق قىلغۇچى ئەزالىرى ئۆلتۈرۈلگەن. تېببىي ئانالىزلار پارتىيەنىڭ ھەتتا تىرىك مەھبۇسلارنىڭمۇ ئەزالىرىنى ئېلىۋالغانلىقىنى، يەنى يۈرەك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى قەتل قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ئەڭ يامان يېرى، بۇ ۋەھشىيانە قىلمىش كومپارتىيەگە يىلىغا بىر مىليارد دوللار ئەتراپىدا كىرىم ئېلىپ كېلىدۇ.

كومپارتىيە پالۇنگۇڭنى «تارمار قىلىش»تا زور دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ ھەرىكەتنىڭ مۇخلىسلىرى مۆلچەر بويىچە يەتتە مىليوندىن 20 مىليونغىچە ئازىيىپ كەتتى. خەلقئارادا يامان ئاتى چىققان بىر زىيارەتتە باستۇرۇش باشلىنىپ بىر يىلدىن كېيىن «60 مىنۇت» (60 Minutes) پروگراممىسىنىڭ قىلغان زىيارىتىدە، جياڭ زېمىندىن بۇ ھەقتە سورالغاندا، مەسخىرىلىك كۈلۈپ تۇرۇپ: «ھېچقانداق پالۇنگۇڭ مۇخلىسى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ باقمىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن. بەلكىم رەسمىي تەرىقىدە «ھۆكۈم قىلىنمىغان» بولۇشى مۇمكىن، لېكىن مىليونلىغان ئىنسانلار خىتايدا تىنچلىق بىلەن نامايىش قىلىشتىن ئىبارەت بۇ «ئېغىر گۇناھى» تۈپەيلىدىن پاراكەندىچىلىككە، قاماققا، قىيىن ـ قىستاققا ۋە قەتلىئامغا دۇچ كەلدى.

كوممۇنىستىك ھۆكۈمرانلىق ئاستىدىكى ئۆكتىچىلىكنىڭ بەدىلى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى


مىسلىسىز ئويغىنىش
Radio Free A
ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى خىتايغا قارىتىلغان
ئاڭلىتىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى

# ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى خىتايغا قارىتىلغان ئاڭلىتىشلىرىنى

# ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى جاكارلىدى

(سىنگاپوردا چىقىدىغان «ستىرەيتس تايمىس» كۈندىلىك گېزىتى خەۋىرى)

ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى (RFA) ۋە ئۇنىڭ «ئامېرىكا ئاۋازى» (VOA) قاتارلىق قېرىنداش تاراتقۇلىرى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى تەستىقلىغان مەبلەغ ئاساسىدا خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئىدى.

ۋاشىنگتون ـ ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى خىتايدىكى ئاڭلىغۇچىلارغا قارىتىلغان ئاڭلىتىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. رادىيونىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى 17 ـ فېۋرال بۇ ھەقتە توختىلىپ، 2025 ـ يىلى ترامپ ھۆكۈمىتى مەبلەغنى قىسقارتقاندىن كېيىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەبلەغ بىلەن تەمىنلىنىدىغان بۇ ئورگاننىڭ مەجبۇرىي ھالدا خىزمىتىنى توختاتقانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى.

ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ۋە ئۇنىڭ «ئامېرىكا ئاۋازى» قاتارلىق قېرىنداش تاراتقۇلىرى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى تەستىقلىغان مەبلەغ بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ئورگانلار ئامېرىكا يەرشارى تاراتقۇ ئىدارىسىنىڭ (USAGM) نازارىتىدە تۇرۇپ كەلگەن ئىدى.

2025 ـ يىلى پرېزدېنت دونالد ترامپ تەرىپىدىن ئامېرىكا يەرشارى تاراتقۇ ئىدارىسىنىڭ ۋاقىتلىق باش ئىجرائىيە ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەن سابىق خەۋەر رىياسەتچىسى كەرىي لېيك (Kari Lake)، بۇ ئورگانلارنى باج تۆلىگۈچىلەرنىڭ پۇلىنى ئىسراپ قىلىش ۋە ترامپقا قارشى تەرەپبازلىق قىلىش بىلەن ئەيىبلەپ، بۇ ئورگانلارغا ئاجرىتىلغان ياردەم مەبلىغىنى توختىتىشقا ئۇرۇنغان ئىدى. تەنقىدچىلەر كەڭ كۆلەملىك ئىشتىن بوشىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ ھەرىكەتنى «پۇرسەتنى خىتايغا ۋە ئامېرىكانىڭ باشقا رەقىبلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش» دەپ ئەيىبلىگەن ئىدى.

ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ رەئىسى ۋە باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى بەي فاڭ (Bay Fang) «LinkedIn» دىكى بىر يازمىسىدا مۇنداق دېدى: «بىز خىتايچە، تىبەتچە ۋە ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشلارنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈپ، خىتايدىكى ئاڭلىغۇچىلارغا بۇ رايونلار ھەققىدە يەرلىك تىللاردا دۇنيادىكى بىردىنبىر دىيگۈدەك مۇستەقىل خەۋەرلەرنى سۇنغانلىقىمىزدىن پەخىرلىنىمىز».

بەي فاڭ ئاڭلىتىشنى قايتا باشلاش ئىمكانىيىتىنىڭ «سىگنال تارقىتىش مۇلازىمەتلىرى بىلەن تۈزۈلگەن شەخسىي توختاملار» سايىسىدا بولغانلىقىنى بىلدۈردى، ئەمما تەپسىلاتىنى ئاشكارىلىمىدى. ئۇ يەنە ئاڭلىتىش تورىنى قايتا قۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت مەجلىسى تەستىقلىغان يېڭى مەبلەغنىڭ ئۈزلۈكسىز تەمىنلىنىشىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى قوشۇمچە قىلدى.

پرېزدېنت ترامپ فېۋرال ئېيىنىڭ بېشىدا ئىمزا قويغان، ئىككى پارتىيە ئورتاق قوللىغان چىقىم قانۇن لايىھەسىدە، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى، ئامېرىكا ئاۋازى ۋە ھۆكۈمەت مەبلەغ سالغان باشقا تاراتقۇلارنى باشقۇرىدىغان ئامېرىكا يەر شارى تاراتقۇلار ئىدارىسىغا 653 مىليون دوللار ئاجرىتىلغان. (بۇ سومما 824.6 مىليون سىنگاپور دوللىرىغا تەڭ.)

بۇ سومما ئۆتكەن ئىككى يىلنىڭ ھەر بىرىدە مەزكۇر ئىدارىگە ئاجرىتىلغان 867 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاز بولسىمۇ، ئەمما ترامپنىڭ ئامېرىكا يەرشارى تاراتقۇ ئىدارىسىنى تاقاش مەقسىتىدە قۇرۇلتايدىن تەلەپ قىلغان 153 مىليون دوللاردىن يەنىلا كۆپ.

خىتاينىڭ ۋاشىڭتوندىكى ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتچىسى بۇنى ئامېرىكىنىڭ ئىچكى سىياسىتى دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭغا باھا بېرىشنى رەت قىلدى. ئەمما ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنى «خىتايغا قارشى تەرەپبازلىق قىلىش» بىلەن ئەيىبلىدى.

خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرى 2025-يىلىدىكى مەبلەغ قىسقارتىشنى ئالقىشلىغان ئىدى. خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتچىسى ليۇ پېڭيۈ مۇنداق دېدى: «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى يالغان ئۇچۇر تارقىتىپ، خىتايغا قارا سۈركەپ كەلدى. ئۇلارنىڭ خىتايغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىكى خەۋەرلىرى يامان نىيەتكە تولغان. بىز ئامېرىكادىكى تېخىمۇ كۆپ تاراتقۇلارنىڭ خىتاي ۋە خىتاي-ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئوبيېكتىپ ۋە ئادىل خەۋەر بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز.»

ئامېرىكادىكى ھەر ئىككى چوڭ پارتىيەنىڭ قانۇن چىقارغۇچىلىرى بېيجىڭ ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىۋاتقان بىر پەيتتە، ترامپنىڭ بۇ خەۋەر ئورگانلىرىنى يوقىتىش ھەرىكىتىنىڭ ۋاشىڭتوننىڭ دۇنياۋى تەسىر كۈچىنى ئاجىزلاتقانلىقىنى ئىپادە قىلدى.

كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى نەچچە ئون يىلدىن بېرى خىتاي ۋە باشقا مۇستەبىت دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى پاش قىلىپ،

خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ئوخشاش ئېزىلىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتىگە نىسبەتەن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلدى.

13 ـ فېۋرال ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ باياناتچىسى روھىت ماھاجان (Rohit Mahajan) مەزكۇر رادىيونىڭ تىبەت، شىمالىي كورىيە ۋە مىيانماردىكى ئاڭلىغۇچىلارغا ئاڭلىتىش بېرىش ئۈچۈن شەخسىي شىركەتلەر بىلەن توختام تۈزگەنلىكىنى ئېيتتى.

ماھاجاننىڭ بىلدۈرۈشىچە، رادىيونىڭ خىتايچە ئاۋازلىق مەزمۇنلىرى نۆۋەتتە پەقەت تور بىلەنلا چەكلىنىۋاتقان بولۇپ، پات يېقىندا رادىيو دولقۇنلىرى ئارقىلىق دائىملىق ئاڭلىتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىشان قىلىنىۋاتقان. ئۇنىڭ تىبەتچە، ئۇيغۇرچە، كورېيەچە ۋە بېرمىچە رادىيو پىروگراممىلىرى قىسقا ۋە ئوتتۇرا دولقۇن چاستوتىلىرى ئارقىلىق تارقىتىلىدىكەن. ئۇ يەنە ئىلگىرى ئامېرىكا يەرشارى تاراتقۇ ئىدارىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان سۈنئىي ھەمراھ تارقىتىشلىرىنىڭ تېخى ئەسلىگە كەلمىگەنلىكىنى قوشۇمچە قىلدى.

ئىنگلىزچىدىن ئۇ. ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.straitstimes.com/asia/east-asia/radio-free-asia-says-it-has-resumed-broadcasts-to-china

# ئانا تىل ئاشىقى

## قۇددۇس ھاپىز



مۇھەممەت تۇرسۇن ئۇيغۇر

# ئانا تىل ئاشىقى قۇددۇس هافىز

مۇھەممەت تۇرسۇن ئۇيغۇر

پېشقەدەم تەتقىقاتچى، تىلشۇناس ۋە يازغۇچى ئابدۇلقۇددۇس هافىز 1951 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كەلپىن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، دادىسىنىڭ ئىسمى هافىزاخۇن داموللام ئىدى.

قۇددۇس هافىز 1966 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1973 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتكەن. ئەمما خىتايلار تەرىپىدىن «دۈشمەننىڭ بالىسى» دەپ قارىلىپ، ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنمىغان. بۇ ئەھۋال ئۇدا ئۈچ يىل داۋاملاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ بىلىم ئاشۇرغان. بىر مەزگىلدىن كېيىن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنىپ، مۇزىكا ۋە تېكىست ئىجادىيەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. بىر يىلدىن كېيىن ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا يۆتكەلگەن.

كەلپىن سۇيى قىس، نامرات ناھىيە ئىدى. شۇڭا بىر قىسىم دېھقانلار دېھقانچىلىق ئىشلىرى توختىغان قىش ئايلىرىدا ياقا يۇرتلارغا پۇل تېپىش ئۈچۈن بېرىپ، جاپالىق ئىشلەشكە مەجبۇر بولاتتى. قۇددۇس هافىز بۇ خىل ئەھۋاللار ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىغان. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن تەتقىقاتىنى ئازوت ۋە فوسفورلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ «زىرائەتلەرنى يوپۇرمىقىدىن ئوغۇتلاش ئۇسۇلى»نى سىناق قىلىشتىن باشلىماقچى بولغان. كېيىن «زىرائەتلەرنى پۇركۈپ ئوغۇتلاپ مەھسۇلات ئاشۇرۇش» ماۋزۇلۇق بىر دوكلات تەييارلاپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىن تەجرىبە ئۇسكۈنىلىرى ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئەمما ئۇنىڭ بۇ تەلىپى ئېتىبارغا ئېلىنمىغان.

شۇنىڭدىن 17 يىل ئۆتكەندىن كېيىن خىتايچە «ئاقسۇ گېزىتى»دە ئازوت ۋە فوسفورنىڭ دېھقانچىلىقتا قوللىنىلىشىنىڭ ئىلمىي ئەۋزەللىكلىرىگە دائىر ماقالە ئېلان قىلىنغان. دېمەك، قۇددۇس هافىزنىڭ تەتقىقاتىدىن 17 يىل ئۆتكەندە بېيجىڭدىكى خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى ئاران قۇددۇس هافىز ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيەنى تەتقىق قىلىپ چىققان. ئۈچ يىلدىن كېيىن دەل قۇددۇس هافىز ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە ئاساسىدا ئىشلەنگەن «مول ھوسۇل ئېلېمېنتى» ۋە «يوپۇرماق گۆھىرى» دېگەنلەر بازارغا

سېلىنىپ، پۈتكۈل يېزا ـ قىشلاقلاردا ئومۇملاشتۇرۇلغان.

قۇددۇس هافىزنىڭ ھەرخىل ساھەلەردىكى تەتقىقاتلىرى ۋە شېئىرىي ئىجادىيىتى سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتا باشلانغان. ئۇ ئىشلەش جەريانىدا يازغان شېئىر ۋە ماقالىلىرى پات ـ پات «ئاقسۇ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنىپ تۇرغان. شۇڭا ئۇ «ئاقسۇ گېزىتى»نىڭ «كىچىك مۇخبىر»ى بولۇپمۇ قالغان.

يىللار ئۆتۈپ 1982 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇ «كىچىك مۇخبىر ژۇرنىلى»نىڭ بىر سانىدا «چەت ئەل كىشى ئىسىملىرىنى توغرا تەرجىمە قىلايلى» ماۋزۇلۇق بىر ماقالە كۆرگەن. ئۇ ماقالىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، بۇ مەسىلىگە ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدىكەن، دېگەن قاراشقا كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن قۇددۇس ھافىزنىڭ تىل تەتقىقاتى باشلانغان.

قۇددۇس ھافىز شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىر تەرەپتىن تىل ـ يېزىق ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقا تىللارنى سېلىشتۇرۇش تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىپادىلەش كۈچى جەھەتتە باشقا ھەرقانداق تىللارنى بېسىپ چۈشكىدەك يۈكسەك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشكە باشلىغان. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلمىي قىممىتىگە بېغىشلانغان 17 بەتلىك «قايسى تىل دۇنيا تىلى بولالايدۇ؟»ناملىق ماقالىسىنى يېزىپ چىققان ۋە بۇ ماقالىسىنى ئېلىپ بىر نەچچە گېزىتخانىغا بارغان. ئەمما ئۇلار: «خىتاي تىلى دۇنيا تىلى بولالمايۋاتسا، ئۇيغۇر تىلى دۇنيا تىلى بولالايدۇ دېگەن قانداق گەپ؟» دەپ ئېلان قىلىشنى رەت قىلغان.

1992 ـ يىلىغا كەلگەندە قۇددۇس ھافىز ئەپەندى خىتايچە «چەت ئەل تىلشۇناسلىقى» ناملىق ژۇرنالدىن كانادانىڭ كۇۋېبېك شەھرىدە 15 ـ قېتىملىق خەلقئارالىق تىل تەتقىقات قۇرۇلتىيى چاقىرىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئۇ بۇ يىغىنغا بېرىش ئۈچۈن تىرىشقان بولسىمۇ، خىتاينىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى ھەم ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق سەۋەبلىك بارالمايدۇ.

1995 ـ يىلىغا كەلگەندە يەنە شۇ ژۇرنالدا شۋېتسىيەنىڭ ئىستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىدا 13 ـ قېتىملىق خەلقئارا فونېتىكا ئىلمىي يىغىنى چاقىرىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپ، بۇ يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلىدۇ. قۇددۇس ھافىزنىڭ تەييارلىغان ماقالىسىنىڭ تېمىسى «ئىسىملار ـ ناملار تەرجىمىسى ۋە فونېتىكا» ئىدى.

ئەمما ئۇ تاپقان تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى ئىزدىنىش، كىتاب ـ ماتېرىيال سېتىۋېلىش ئىشلىرىغا قاراتقان

بولغاچقا، ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئىچىدە ئىدى. ئۇ ئويلىنىپ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتقان ئۆمەرجان ھەسەن دېگەن يازغۇچىنىڭ يېنىغا بېرىپ: «مېنىڭ بۇ ماقالىنى يېزىشىم ھەرگىزمۇ شەخسىي نام-شۆھرەت ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىزنىڭ قەدىر-قىممىتىنى دۇنيا ئالىملىرى ئالدىدا جاكارلاش ئارقىلىق ئانا تىلىمىزغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈش. شۇڭا بىرەر پۇلى بار، مەرت كىشى بولسا ماقالەمنى ئۇنىڭغا بېرىمەن. ئۇ كىشى يىغىنغا بېرىپ ماقالىنى ئاڭلاتسا، مەن ئۈچۈن يېتەرلىك» دەيدۇ.

ئۆمەرجان ھەسەن قۇددۇس ھافىزنىڭ سۆزىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇ دەرھال «ئىگراۋاتقان ئىلمىي ھەقىقەت» ناملىق خىتابنامە يېزىپ، گېزىت ئارقىلىق ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قۇددۇس ھافىزنىڭ ئەھۋالى جەمئىيەتكە تارقىلىپ، كۆچلۈك دىققەت قوزغايدۇ ۋە ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە قۇددۇس ھافىزنى قوللاش قىزغىنلىقى بارلىققا كېلىدۇ. مەكتەپ، زاۋۇت، كان-كارخانىلاردىن يېزىلارغىچە قوزغىلىپ، بىر تەرەپتىن خەت ئارقىلىق ئىلھام-مەدەت بەرسە، يەنە بىر ياقتىن ئىقتىسادىي ياردەملىرى بىلەن ھال سوراپ كەلگەنلەر كۆپىيىشكە باشلايدۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئەيسا ئەپەندىم قۇددۇس ھافىزنى چاقىرتىپ، مەخسۇس يىغىن ئۇيۇشتۇرۇپ تونۇشتۇرىدۇ. تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىغا تېلېفون قىلىپ، پاسپورت ئىشلەپ بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىدۇ.

بەكمۇ ئەپسۇسكى، بۇ كۈنلەردە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» تىل-يېزىق كومىتېتىدىكى بىر قىسىم ئالىم-پروفېسورلار قۇددۇس ھافىزغا قاتتىق ھەسەتخورلۇق قىلىپ: «بىز ئالىم-پروفېسور تۇرۇپ بېيجىڭدىكى بىر يىغىنغا بارالمايمىز-يۇ، ئاران تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىر سەھرالىق قانداقسىگە خەلقئارالىق يىغىنغا بارالايدۇ؟» دەپ غۇدۇرىشىدۇ.

قۇددۇس ھافىز ئاخىرى ھەر خىل توسالغۇلاردىن ئۆتۈپ، شىۋېتسىيەنىڭ پايتەختى ئىستوكھولمدا ئېچىلىدىغان يىغىنغا بارىدۇ. ئۇنىڭ ماقالىسى «B19» — مەيداندا مۇھاكىمىگە قويۇلىدۇ. قۇددۇس ھافىز يىغىن جەريانى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ:

«كۆردۈم ۋە بىلدىمكى، يىغىن جەريانىدا ھەركىم ئۆز تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى توغرۇلۇق پىكىر بايان قىلىشتى، ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە ھېچ كىم ئېغىز ئاچمىدى. ئەمما يىغىن كومىتېتىنىڭ رەھبىرى بېيرىن گرانستروم ئەپەندى ماقالەمنى فونېتىكا ئىلمىگە ئائىت ماقالىلەرنى ئېلان قىلىدىغان قوش ئايلىق ئىلمىي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.»

قۇددۇس ھافىز يىغىنغا مېڭىشتىن بۇرۇن تەكلىپكە بىنائەن قەشقەرگە زىيارەتكە بارغان. زىيارەت جەريانىدىكى بىر سورۇندا يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر ئەپەندى قۇددۇس ھافىزغا: «سەن ھېچ ئىش قىلماي مۇشۇ دوپپا بىلەن يىغىن سەھنىسىدە بىر چېلىقىپ ئۆتسەڭمۇ بۈيۈك ئىش قىلغان بولىسەن. چۈنكى بۇ دوپپا بىزنى دۇنيا خەلقىگە تونۇتىدىغان سىمۋول» دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇددۇس ھافىز بۇ يىغىنغا دوپپا بىلەن بېرىپ قاتناشقان. ئۇ يىغىن زالىغا كىرىپ كەلگەندە ھەممە قاراپ ھەيران قېلىشقان. ئۇ قىسقا دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئارىسىدىن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ئالدىغا كەلگەن كىشىلەر بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشكەن.

قۇددۇس ھافىز 1997 ـ يىلى يازدا ۋەتىنى، ئائىلە ۋە باللىرىدىن ئايرىلىپ تۈركىيەگە كەلگەن. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇ رايونىغا ئولتۇراقلىشىپ يېزىقچىلىق، ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان.

قۇددۇس ھافىز ئەپەندىنىڭ بىر قىسىم كىتابلىرى:

1. خىتايچە، ئىنگلىزچە، ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما ئىنگلىز كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى

2. خىتايچە ـ رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما سوۋېت كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى

3. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۈچۈن «ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى»

4. ئۇيغۇر مەرىپەت مەشئەللىرى

5. ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم ـ شەرىپى

6. ئاللاھ تائالانىڭ مۆجىزىۋى بېشارەتلىرى

7. قۇرئان كەرىم مەزمۇن ئاچقۇچى

8. ئانا تىلىم ـ جان تىلىم

9. ئۈچ تىل توغرىسىدا مۇھاكىمە

10. ئۇيغۇر ـ ئىسلام ھۆسنخەت گۈلزارى

11. ئابدۇلقۇددۇس ھافىز يازمىلىرىدىن تاللانمىلار

قۇددۇس ھافىزنىڭ يېزىۋاتقان يەنە باشقا كىتابلىرىمۇ بولۇپ، ئۆزى يالغۇز بولغاچقا يېتىشىپ بولالمايۋاتقان ئەھۋاللارنىڭ بارلىقى مەلۇم. ئەگەر خەلقىمىز قوللاپ بەرسە ئۇزۇن ئۆتمەي باشقا بىر قىسىم كىتابلىرىمۇ نەشر قىلىنىشى مۇمكىن.

ئۇنىڭ ۋەتەنىدىن ئايرىلىپ مۇساپىرچىلىقتا ئۆتكەن تۈركىيەدىكى 28 يېرىم يىللىق ھاياتى ئائىلىسىنى سېغىنىش ئىچىدە، ھەر خىل قىيىنچىلىقلار بىلەن تولغان ھەسرەتلىك بىر ھايات بولغان.

قۇددۇس ھافىز ئىستانبۇلدا داۋالىنىۋاتقان دوختۇرخانىدا 12-ئاينىڭ 27-كۈنى 74 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئىننا لىللاھى ۋەئىننا ئەلەيھى راجىئۇن.

مەرھۇم قۇددۇس ھافىزغا ئۇلۇغ ئاللاھتىن رەھمەت تىلەيمىز. ئائىلىسى ۋە يېقىنلىرىغا سەبىر تىلەيمىز. شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق دەۋاسى سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلىرىمىز ۋە خەلقىمىزگە تەزىيەلىرىمىزنى بىلدۈرىمىز.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۆزىگە قۇلچىلىق قىلىدىغان بەندىلىرىنى ۋەتەنسىزلىك بىلەن سىنىمىسۇن، كىشىنىڭ يۇرتىدا خار قىلمىسۇن، كىشىگە مۇھتاج قىلمىسۇن. ئۆزىمىزنىڭ دۆلىتىدە ياشاپ ئۆزىمىزنىڭ دۆلىتىدە ۋاپات بولغىلى نېسىپ قىلسۇن. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ۋاپات بولغانلارنىڭ مېيىتىنى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ۋەتىنىمىزگە ئېلىپ كېلىپ ئۆز يۇرتلىرىدا، ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىشقا نېسىپ قىلسۇن، ئامىن.


تۈگۈنلەر ۋە يېشىملەر
شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق
دەپسەندىچىلىكلىرىنى سىنغا ئالغان خىتايغا
ئامېرىكىدا سىياسىي پاناھلىق بېرىلدى

## شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى سىنغا ئالغان خىتاي پۇقراسىغا ئامېرىكىدا سىياسىي پاناھلىق بېرىلدى

(ئەنگىلىيە «قودىغۇچى گېزىتى» خەۋىرى)

ئامېرىكا كۆچمەنلەر سوتچىسى ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى پاش قىلغان بىر خىتاي پۇقراسىغا سىياسىي پاناھلىق بەردى. سوتچى مەزكۇر پۇقرانىڭ خىتايغا قايتۇرۇلغان تەقدىردە زىيانكەشلىككە ئۇچراش جەھەتتە «تولۇق ئاساسلىق ئەندىشىسى» بارلىقىنى بىلدۈرگەن.

گۇەن خېڭ 2021-يىلى ئامېرىكىغا قانۇنسىز يوللار بىلەن كىرگەندىن كېيىن سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن. ئۇ ئۆتكەن يىلى ئاۋغۇستتا ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ كەڭ كۆلەملىك چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلغان كۆچمەنلەر قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىدە قولغا ئېلىنغاندىن بېرى نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئىدى.

ئامېرىكا دۆلەت ئىچى بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى (DHS) دەسلەپتە گۇەننى ئۇگاندىغا قوغلاپ چىقارماقچى بولغان. ئەمما ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتى جامائەتچىلىكنىڭ جىددىي دىققىتىنى قوزغاپ، دۆلەت مەجلىسىدە ئىنكاس پەيدا قىلغاندىن كېيىن، دېكابىردا بۇ پىلاندىن توختىتىپ قويۇلغان.

بۇ قارار دونالد ترامپ ۋەزىپىگە قايتىپ كەلگەندىن بېرى، پاناھلىق تىلىگۈچىلەر ئۈچۈن بارغانچە ئاز ئۇچرايدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك نەتىجىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكىدىكى پايدا ئالمايدىغان «Mobile Pathways» تەشكىلاتى توپلىغان فېدېراتسىيە سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، پاناھلىق تەستىقلىنىش نىسبىتى 2010-يىلدىن 2024-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 28% تىن، 2025-يىلى 10% كە چۈشۈپ قالغان.

لېكىن دۆلەت ئىچى بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ ئادۋوكاتى مىنىستىرلىقنىڭ يۇقىرىغا ئەرز قىلىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، گۇەن دەرھال قويۇپ بېرىلمىدى. مىنىستىرلىقنىڭ ئەرز قىلىش ئۈچۈن 30 كۈن ۋاقتى بار، ئەمما سوتچى ئاۋۋسلاندىر گۇەننىڭ ئاللىقاچان بەش ئايغا يېقىن تۇتۇپ تۇرۇلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، مىنىستىرلىقنى قارارنى تېزرەك چىقىرىشقا ئۈندىدى.

گۈەن 2020-يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىنى يوشۇرۇن سىنغا ئالغان بولۇپ، بۇ پاكالىيەتچىلەر بىر مىليونغا يېقىن ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قامالغانلىقىنى ئىپتىۋاتقان مەزكۇر رايوندىكى كەڭ كۆلەملىك كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە ئائىت دەلىل-ئىسپاتلارنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ئىدى.

چارشەنبە كۈنى نيۇ-يورك شتاتىنىڭ ناپانوچ شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن سوتتا، گۈەندىن تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىنى سىنغا ئېلىش ۋە ئامېرىكىغا كېلىشتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن سىننى ئېلان قىلىشتىكى مەقسىتىنىڭ پاناھلىق تىلىنىشكە ئاساس يارىتىش ياكى ئەمەسلىكى سورالدى. ئۇ بۇنىڭ ئۆز نىشانى ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى.

گۈەن بىرۇم ناھىيەلىك تۈرمىدىن سىنلىق ئۇلىنىش ۋە تەرجىمان ئارقىلىق سوتقا: «مەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلدىم» دېدى.

گۈەن يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق زىيارەتتە ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقىغا (AP) ئەگەر ئۇ مەزكۇر سىنلارنى ئېلان قىلماقچى بولسا، چوقۇم خىتايدىن ئايرىلىشى كېرەكلىكىنى بىلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ئالدى بىلەن خوڭكوڭغا، ئۇ يەردىن خىتاي ساياھەتچىلىرى ۋىزا تەلەپ قىلمايدىغان ئېكۋادورغا، ئاندىن باھاما ئاراللىرىغا بارغان. ئۇ 2021-يىلى ئۆكتەبىردە كېمە بىلەن فلورىداغا يېرۈپ كېتىشتىن بۇرۇن، سىن كۆرۈنۈشلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى يۇتيۇبقا (YouTube) چىقارغان.

گۈەن سوتچىغا ئۆزىنىڭ كېمە سەپىرىدە تىرىك قالالايدىغان-قالالمايدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا سىنلارنىڭ كىشىلەرگە كۆرۈنۈشكە كاپالەتلىك قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلدۈردى. گۈەننىڭ ئېيتىشىچە، سىن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خىتاي ساقچىلىرى ئۇنىڭ دادىسىنى ئۈچ قېتىم سوراققا تارتقان.

خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە ئائىت ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلىپ، رادىكاللىقنى يوقىتىش بىلەن بىرگە، يەرلىك ئاھالىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىدىغان كەسپىي تېخنىكا تەربىيەلەش پىروگراممىلىرىنى يولغا قويغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. خىتاي يەنە بىر قاتار مەجبۇرلاش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى بوغۇپ كەلدى.

گۈەننىڭ ئادۋوكاتى چېن چۇاڭچۇاڭ ئاخىرقى خۇلاسە سۆزىدە، بۇ دېلونىڭ «سىياسىي پاناھلىقنىڭ نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇشى كېرەكلىكىگە بېرىلگەن تىپىك مىسال» ئىكەنلىكىنى، ئامېرىكانىڭ

گۇەننىڭ سىياسىي پاناھلىق تەلىپىنى تەستىقلاشتا ھەم ئەخلاقىي، ھەم قانۇنىي مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى تەكىتلىدى.

سوتچى چارلېس ئاۋسلاندېر (Charles Ouslander) ھۆكۈم چىقارغاندا گۇەنگە سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۇنى ئىشەنچلىك گۇۋاھچى دەپ تونۇغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي پاناھلىق تىلىنىشتىكى قانۇنىي سالاھىيىتىنى تولۇق ئىسپاتلىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇ يەنە گۇەننىڭ خىتايغا قايتۇرۇلغان تەقدىردە ئۆچ ئېلىنىشتىن قورقۇشىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى سوراق قىلغانلىقىنى، گۇەننىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى ۋە ئۆتمۈشتىكى پائالىيەتلىرىنى سۈرۈشتۈرگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

https://www.theguardian.com/world/2026/jan/29/chinese-man-filmed-xinjiang-rights-abuses-allegations-usa-asylum




# ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى سىستېمىلىق زۇلۇمغا قارشى خەلقئارانىڭ جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشىنى تەلەپ قىلدى

# ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى سىستېمىلىق زۇلۇمغا قارشى خەلقئارانىڭ جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشىنى تەلەپ قىلدى

ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى خەلقئارا جەمئىيەتكە ۋە ئىسلام دۇنياسىغا جىددىي چاقىرىق ئېلان قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ۋە ئىسلامىي كىملىكنىڭ يوقىتىلىشىنى توختىتىش ئۈچۈن قول تىقىشقا چاقىردى. جەمئىيەت يەنە خىتاينىڭ رايوندىكى زۇلۇمىنىڭ رەقەملىك زۇلۇم سىستېمىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىدىن ئاگاھلاندۇردى.

**كىرىش سۆز: مۇھاجىرەتتىن پروتوكول ئۈممەتنىڭ ۋىجدانىغا يوللانغان پەرياد**

شەرقىي تۈركىستاندىكى (خىتاي شىنجاڭ دەپ ئاتىۋالغان) ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارىتىلغان ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى كۆنسېرى كۈچىيىۋاتقان بىر پەيتتە، ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى (UAA) خەلقئارا جەمئىيەتكە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا ۋە ئالاھىدە قىلىپ ئىسلام ئەللىرىگە جىددىي ياردەم چاقىرىقى ئېلان قىلدى. بۇ چاقىرىق بېيجىڭنىڭ سىياسىتىدە ئىستراتېگىيەلىك بۇرۇلۇش بولۇۋاتقان بىر خەتەرلىك مەزگىلگە توغرا كەلدى. نەق مەيدان دوكلاتلىرىغا قارىغاندا، خىتاينىڭ سىياسىتى لاگېرلارغا ئاممىۋى قاماش باسقۇچىدىن — ئىسلامىي كىملىكنى مەڭگۈلۈك يوقىتىشنى نىشان قىلغان «تۈزۈلمىلەشتۈرۈلگەن» ۋە يۇمشاق، ئەمما سىستېمىلىق زۇلۇم باسقۇچىغا ئۆتكەن.

بۇ چاقىرىق پەقەت بىر سىياسىي باياناتلا ئەمەس، بەلكى ئىسلامىي قېرىنداشلىق پرىنسىپىغا تايانغان ئەخلاقىي ۋە ئىنسانىي پەريادتۇر. مەزكۇر رايوندىكى مىليونلىغان مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادى، مەسچىتلىرى، تىلى، ھەتتا ئائىلە قۇرۇلمىسىنى نىشان قىلغان مەۋجۇدىيەت ئۇرۇشىغا دۇچ كەلمەكتە. بۇ ئەھۋال پروتوكول ئىسلام ئۈممىتىنى كىچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان تارىخىي ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت ئالدىدا قويماقتا.

**ياردەم چاقىرىقى: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى زاللىرىدىكى خەلقئارالىق ھەرىكەت**

2026 ـ يىلى فېۋرالدا، ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى 26 دىن ئارتۇق ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتتىن تەركىب تاپقان بىر بىرلەشمىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ۋولكېر تۈركنىڭ (Volker Türk) كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 61 ـ نۆۋەتلىك يىغىنى جەريانىدا جىددىي تەدبىر قوللىنىشىنى تەلەپ قىلدى. جەمئىيەت ئۆز مۇراجىئەتنامىسىدە «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» نامى ئاستىدا سادىر قىلىنغان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۈستىدىن مۇستەقىل خەلقئارالىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

جەمئىيەت باياناتىدا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ داۋاملىشۋاتقان سۈكۈتىنىڭ بېيجىڭنى «ۋاقىت پۇرسىتى» بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن بېيجىڭنىڭ مەجبۇرىي نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى بىر يولىلا «ھەل قىلىۋېتىشنى» كۆزلىگەنلىكىنى تەكىتلىدى. جەمئىيەت رەھبەرلىكى يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتكەن سەككىز يىل مابەينىدە مىسلىسىز زۇلۇمغا دۇچ كەلگەنلىكىنى، مۇھاجىرەتتىكى يېڭى بىر ئەۋلادنىڭ خىتاينىڭ تەشۋىقات ماشىنىسىغا قارشى تۇرۇش ۋە بۇ داۋا مەشئىلىنى داۋاملاشتۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى ئالاھىدە قەيت قىلدى.

### لاگېرلاردىن سىستېمىلىق تۈرمىلەرگە: «ئوچۇق رەقەملىك تۈرمە»

2026-يىللىق ئەڭ يېڭى كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتلىرى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، خىتاي ھۆكۈمىتى باستۇرۇش سىياسىتىدىن چېكىنمىگەن، ئەكسىچە بۇ سىياسەتلەرنى «قانۇنلاشتۇرغان». خەلقئارانىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە دۇچ كەلگەن ۋاقىتلىق لاگېرلارنىڭ ئورنىغا، يۈز مىڭلىغان تۇتقۇنلار «قۇتراتقۇلۇق قىلىش» ياكى «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش» تەك ئېنىق بولمىغان جىنايى ناملار بىلەن ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، رەسمىي تۈرمىلەرگە يۆتكەلگەن.

تەتقىقاتچىلار نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى «ئوچۇق رەقەملىك تۈرمە» دەپ تەسۋىرلىمەكتە. ئۇ يەردە بىئولوگىيەلىك ئۇچۇرلارنى نازارەت قىلىش سىستېمىسى ۋە سۈنئىي ئىدراك تېخنىكىسى ئارقىلىق رايوندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر بىر قەدىمى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلىدۇ. باستۇرۇش ئۈچۈن ئەمدى ھەر بىر كوچىدا ئايرىم ھەربىي تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس. ئۇ تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش ئارقىلىق «يۇمشاق» ۋە سىجىل باسقۇچقا قەدەم قويغان بولۇپ، كىشىلەردە ئۆز-ئۆزىدىن ۋەھىمىلىنىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن شەخسلەر تۇتقۇن قىلىنىشتىن قورقۇپ، چەتئەلدىكى تۇغقانلىرى بىلەن سۆزلىشىشتىنمۇ ئەيمىنىدىغان بولۇپ قالغان.

### مۇنارلارغا ۋە قەبلەرگە قارشى ئۇرۇش: ئىسلامىي كىملىكنى يوقىتىش

ساپ ئىسلامىي نۇقتىدىن قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقانلار ئىسلامنى «خىتايلاشتۇرۇش» ئورۇنىشىدۇر. ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى مەسچىتلەرنىڭ ئىزچىل چېقىلىۋاتقانلىقىنى ياكى ساياھەت مەركىزىگە، قەھۋەخانىلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى، شۇنداقلا ياشلارنىڭ مەسچىتكە كىرىشىنىڭ چەكلىنىۋاتقانلىقىنى پاكىتلىق دەلىللىدى. رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇشقىمۇ قاتتىق چەكلىمىلەر قويۇلغان بولۇپ، خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار كوممۇنىستىك پارتىيەگە بولغان «سادىقلىقى»نى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئاشكارا روزا ئېچىشقا مەجبۇرلانماقتا.

بۇنىڭدىن باشقا، باللارنى ئائىلىسىدىن ئايرىپ، ئۇلارنى ئىسلامىي مۇھىتتىن پۈتۈنلەي يىراق بولغان دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى يېتىمخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىمۇ داۋاملاشماقتا. ئۇ يەردە باللارغا ئاتېئىزىم (خۇداسىزلىق) ئىدىيەسى سىڭدۈرۈلمەكتە، ئۇلارنىڭ ئانا تىلىنى ياكى دىنىي ئاساسلىرىنى ئۆگىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىماقتا. مۇسۇلمان ئائىلىسىنى سىستېمىلىق ۋەيران قىلىشتىكى مەقسەت — خىتاي دائىرىلىرى رۇخسەت قىلغان چەكلىك ئۇچۇرلاردىن باشقا ئۆز دىنى ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيدىغان «يىلتىزسىز بىر ئەۋلاد»نى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتۇر. بۇ قىلمىشلار مەدەنىيەت ۋە دىنىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ھېسابلىنىدۇ.

### زامانىۋى قۇللۇق: مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە تەمىنلەش زەنجىرلىرى

زۇلۇم پەقەت دىنىي جەھەتلەردىلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى دەھشەتلىك ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيەگىچە كېڭەيدى. 2026-يىلى فېۋرالدىكى ئەڭ يېڭى دوكلاتلار دۇنياۋى چوڭ شىركەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكى ئارقىلىق قېزىۋېلىنغان پاختا ۋە كان بايلىقلىرىنى ئىشلىتىشكە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. نۆۋەتتە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئاۋستىرالىيە ۋە فرانسىيەگە ئوخشاش دۆلەتلەردە، رايوندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ چەككەن ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدىن مەنپەئەتلىنىش بىلەن ئەيىبلەنگەن شىركەتلەر ئۈستىدىن دەۋا ئېچىپ، قانۇنىي كۈرەش ئېلىپ بارماقتا.

مۇسۇلمانلارنى ئائىلىسىدىن ئايرىپ، قۇللۇق تۈسىنى ئالغان ئېغىر شارائىتلار ئاستىدا فابرىكىلاردا ئىشلەشكە مەجبۇرلاش پەقەت بىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇش، ئۇلارنى ھەر قانداق ئىقتىسادىي ياكى ئىجتىمائىي مۇستەقىللىقتىن مەھرۇم قالدۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ خىتاي ئىقتىسادىي سىستېمىسىغا مەجبۇرىي سىڭدۈرۈۋېتىشنىڭ بىر ۋاستىسىدۇر.

### دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش: مۇھاجىرەتتىكى ئاممىغا ئىز قوغلاپ زىيانكەشلىك قىلىش

ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى «بېيجىڭنىڭ ئۇزۇن قولى»نىڭ ھازىر ئامېرىكا ۋە ياۋروپانىڭ مەركىزىي رايونلىرىدىكى ئاكتىپ پائالىيەتچىلەرگىچە يېتىپ بارغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردى. 2026-يىلى فېۋرالدا ئاشكارىلانغان دوكلاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي تەرەپ پارىژدىكى ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنى تۇتقۇندىكى ئائىلە ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە ۋەدە بېرىش بەدىلىگە، ئۆز

جەمئىيىتى ئۈستىدىن جاسۇسلۇق قىلىشقا قىستىغان.

بۇ خىل دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش ئەركىن ئاۋازلارنى جىمىقتۇرۇش ۋە ھەقىقەتنىڭ دۇنياغا يېتىپ بېرىشىنى توسۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەزكۇر جەمئىيەت يەنە بەزى دۆلەتلەرنىڭ (مەسىلەن تايلاندنىڭ) ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنى خىتايغا مەجبۇرىي قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چۈنكى ئۇلار ئۇ يەردە قىيىن ـ قىستاقلاردىن تارتىپ، مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىلىشكىچە بولغان نائېنىق تەقدىرگە دۇچ كەلمەكتە.

ئىسلام دۇنياسىدىكى نۇرغۇن ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە گېئوسىياسىي مەنپەئەتلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا سۈكۈت قىلىشى ياكى خىتاي تەرەپنىڭ بايانلىرىنى قوللىشى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئۇيغۇر مەسىلىسى پەقەتلا بىر چېگرا تالاش ـ تارتىشى ياكى خىتاينىڭ ئىچكى ئىشى ئەمەس. بەلكى ئۇ مۇقەددەسلىرى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان بىر ئۇممەتنىڭ ئورتاق دەۋاسىدۇر.

ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئىسلامىي ھەمدەردلىكنىڭ تارتىنچاقلىق بىلەن بېرىلگەن باياناتلارنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ، تۆۋەندىكىدەك ئەمەلىي قەدەملەرگە ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىمەكتە:
1. دىپلوماتىك بېسىم: ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئارقىلىق بېسىم ئىشلىتىپ، مۇستەقىل تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ رايونغا يېتىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىش.

2. ئىقتىسادىي بايقۇت: ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان مەھسۇلاتلارنى بايقۇت قىلىش.

3. پاناھلانغۇچىلارنى قوغداش: ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر مۇسۇلماننى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشنى دەرھال توختىتىش ۋە ئۇلارنى بىخەتەر پاناھگاھ بىلەن تەمىنلەش.

مەزلۇملارنى قوللاش ئىسلامىي قىممەت قاراشلىرىمىزنىڭ تۈپ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. بىر زامانلاردا ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى ئىسلامىي بىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەشئىلى بولغان شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى قوغدايدىغان غۇرۇرلۇق بىر مەيدان تۇتۇش — ئىسلام ئۇممىتىنىڭ باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتىدۇر.

**خۇلاسە: ئادالەتكە باغلانغان ئۈمىد**

ۋەزىيەتنىڭ زۇلمەتلىك ۋە ئېغىرلىقىغا قارىماي، ئۈمىد يەنىلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەيسەرلىكىگە ۋە دۇنيا

ۋىجدانىنىڭ ئويغىنىشىغا باغلانماقتا. ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى چىقارغان بۇ جىددىي ياردەم چاقىرىقى بىزگە شۇنى ئەسكەرتىدۇكى، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆچتىن قالمايدۇ، تارتىۋېلىنغان ھوقۇقلار بىر كۈنى چوقۇم ئۆز ئىگىسىگە قايتىپ كېلىدۇ. بىز بۇ ئۈممەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنى ۋە دۇنيادىكى بارلىق ئەركىن ئىنسانلارنى زۇۋانسىزلارنىڭ ئاۋازى بولۇشقا، يىگىرمە بىرىنچى ئەسىردە ئىنسانىيەتنىڭ پېشانىسىگە قارا داغ بولۇپ چۈشكەن بۇ ئىنسانىي پاجىئەنى توختىتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرىمىز.

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

https://themuslimpost.org/heritage-of-resistance/american-uyghur-association-issues-urgent-appeal-for-international-action-against-systematic-oppression-in-xinjiang


گۈلىستان
CEAS
SPECIAL TALK
BY POET
AZIZ ISA ELKUN
UYGHUR POEMS
Aziz Isa Elkun
Poet, Author & Academic
Researcher at SOAS,
University of London
Registration
Is required
Scan QR code
or visit ceas.
yale.edu
Wednesday
AGAINST
قاماقتىكى روھلار: خىتاي تۈرمىسىدىكى ئۇيغۇر
مەھبۇسلارنىڭ شېئىرلىرى
ls, and
the Act of Resistance
Room 05
Rosenkranz Hall
ئۇيغۇر كۆكئارت
Yale MACMILLAN CENTER
eastasian.studies@yale.edu

# قاماقتىكى روھلار: خىتاي تۈرمىسىدىكى ئۇيغۇر مەھبۇسلارنىڭ شېئىرلىرى

ئۇيغۇر كۆكئارت

2025-يىلى 16- دېكابىر كۈنى كەچ سائەت 6 دە لوندوندىكى يۇنۇس ئەمرە تۈرك مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ يىغىن زالىدا «قاماقتىكى روھلار: خىتاي تۈرمىسىدىكى ئۇيغۇر مەھبۇسلارنىڭ شېئىرلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىش ۋە ئىمزالىق تارقىتىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

ئەنگلىيەنىڭ «Hertfordshire Press» (ھېرتفوردشىر نەشرىياتى) تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بۇ كىتاب 2017-يىلىدىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا قايتىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغاندىن باشلاپ تۇتقۇن قىلىنغان، تۈرمىگە قامىلىپ ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەن ۋە مەجبۇرى يوقىتىۋېتىلگەن گۈلنىسا ئىمىن گۈلخان، نۇرمۇھەممەد ياسىن ئۆركىشى، ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى، پەرھات تۇرسۇن، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئادىل تۇنياز، ۋاھىتجان ئوسمان، تۇرسۇنئاي سۇلتان قاتارلىق 25 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ باش سۈرەتلىك تەرجىمىھالى ۋە شېئىرلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ توپلامدىكى شېئىرلار ئۇيغۇرچىدىن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان. شېئىرلارنى ئەنگلىيىدە ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر شائىرى، ئاكادېمىك، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئافرىقا ۋە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن تەھرىرلىگەن ۋە تەرجىمە قىلغان بولۇپ، 280 بەتلىك بۇ كىتاب ئۇنىڭ بەش يىلدىن ئارتۇق تىنىمسىز سىڭدۈرگەن مېھنىتىنىڭ نەتىجىسى.

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئۇيغۇر ئاخبارات مەركىزىگە بەرگەن سۆھبەتتە مەزكۇر كىتابىنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
«مەن بۇ كىتابنى تەييارلاش ۋە ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، تالاي تۈنلەرنى بۇ قەدىردان شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ ئۆتكۈزدۈم. بۇ ئېغىر كۈنلەردە ئۇشبۇ كىتابتىكى ھەر بىر شائىرنىڭ مىسرالىرى ماڭا مۇڭداش بولدى. ۋەتەندىن ئۇزاقتىكى غېرىبانە كۈنلىرىمدە ئۇلارنىڭ نەزملىرى سۇلغۇن دىلىمغا دىلكەش بولۇپ كەلدى. دۇنيادىكى ئەڭ زالىم ۋە قەبىھ ھۆكۈمرانغا باش ئەگمەيدىغان، مۇھەببەت، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى كۈيلىگەن، ئۇيغۇرغا ھۆر ۋە ئەركىنلىك تەلەپ قىلغان سۆيۈملۈك قەھرىمانلىرىمىزنىڭ نەزملىرىنى ئەمدىلىكتە پۈتۈن دۇنيا ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

دۇنيادا ھېچبىر مەدەنىي جەمئىيەت ئۆز دۆلىتىدە شائىرلارنى شېئىر يازغىنى ئۈچۈن جازالىمايدۇ. ئەمما خىتاي

دۆلىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى بولغان ئۇيغۇرىستاننى ئۆزىنىڭ ئەبەدىي مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە ئۆزىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ بارلىق قائىدە ـ قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىن يېزىش ۋە پىكىر قىلىش ھوقوقىنى باستۇرۇش، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل، مەدەنىيەت ۋە بارلىق مىللىي مەۋجۇتلۇقلىرىنى تۈپتىن يوقىتىش مەقسىتىدە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ جىنايەتلەرنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقان مىليونلىغان بىگۇناھ ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى خىتاي تۈرمىلىرىدە ئازاب چېكىۋاتىدۇ. ئاتالمىش خىتاي پۇقراسى بولغان بۇ زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ سوغۇق زىندانلىرىدىن دەرھال قويۇپ بېرىلىشى كېرەك.»

«قاماقتىكى روھلار» ناملىق كىتابنىڭ نەشر قىلىنىش ۋە ئىمزالىق تارقىتىلىش پائالىيتىگە ئەنگلىيە ھېرتفوردشىر نەشرىياتىنىڭ دېرىكتورى مارات ئەخمەدجانوۋ (Marat Akhmedjanov) ساھىپخانلىق قىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ پائالىيەتكە رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سۆزگە تەكلىپ قىلىنغان ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن كىتابنى تونۇشتۇردى. سۆزگە تەكلىپ قىلىنغانلار ئىچىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن، سۈرگۈندىكى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دېرىكتورى (Director of Exile Writers' Ink) دوكتور جېنىفېر لاڭگېر (Dr Jennifer Langer)، ئەزىز ئەيسا ئەلكۈننىڭ ئايالى پروفېسور رېيچىل خاررىس (Professor Rachel Harris)، «قاماقتىكى روھلار» ناملىق كىتابنىڭ باش مۇھەررىرى جون فارندون (John Farndon) قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار كىتاب ھەققىدىكى قاراش ۋە پىكىرلىرىنى ئورتاقلاشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەزىز ئەيسا ئەلكۈننىڭ ئىككى قىزى لەيلىگۈل بىلەن سەنەم كىتابتىكى شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەردى. شۆھرەت بىلەن دىلزاتنىڭ ناخشا مۇزىكىلىرى ۋە ئۇيغۇر قىزلىرىدىن زەمرە ۋە زەبىرەلەرنىڭ ئۇسسۇللىرى بىلەن ئەۋجىگە چىققان پائالىيەت ئەزىز ئەيسا ئەلكۈننىڭ كىتابلارغا ئىمزا قويۇشى ۋە مېھمانلار بىلەن كۆرۈشىشى بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن مەزكۇر كىتابنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە ئۇيغۇر ئاخبارات مەركىزىگە تەپسىلى مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەنگلىيەنىڭ ھەممىباپ كۇتۇپخانا (Everyman's Library) نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىنگلىز تىلىدا 2023ـ يىلى 27ـئۆكتەبىر نەشر قىلىنغان تۇنجى چوڭ ھەجىملىك تەرجىمە كىتابىم ئۇيغۇر شېئىرلىرى (Uyghur Poems) نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، مەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دىققىتىم بارغانسېرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇر شائىرلىرىغا مەركەزلەشتى.

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر شائىرلىرىغا قارىتىلىۋاتقان داۋاملىق زۇلۇم ۋە ناھەق جازالاشلار، جۈملىدىن كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، قولغا ئېلىش ۋە يوقىتىۋېتىش ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ بىلىمگە ئېرىشكەنسېرى، روھىي جەھەتتىن بېسىمغا دۇچ كەلدىم. بۇ پاجىئەلىك قىلمىشلاردىن كېلىپ چىققان ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى يېقىندىن كۆزىتىپ، مەھبۇس شائىرلارنىڭ ئاۋازىنى كەڭ دۇنياغا يەتكۈزۈش زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. پەقەت شېئىر يازغانلىقى ئۈچۈنلا ئېغىر جازالارغا ئۇچرىغان بۇ ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرىنىڭ

سۈكۈتتە يوقاپ كېتىشكە قەتئىي يول قويۇشقا بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئاۋازى بوغۇپ تاشلانغانلارنىڭ ئاۋازىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى دۇنياغا ئاڭلىتىش مېنىڭ تەخىرسىز ۋەزىپەمگە ئايلاندى.

شەخسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن سىرت، مەن بۇ قېيىن ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئېلىشنى ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت دەپ قارىدىم. چۈنكى 2017-يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىشنى باشلىغاندىن كېيىن چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز-ئارا ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىغان بىر ۋەزىيەتتە، بۇ كىتابنى پۈتتۈرۈش تەقەززاسى تېخىمۇ جىددىي بىر ھالغا كىرگەن ئىدى. بۇ سۈكۈت ئالدىدا مەن تىنىچ تۇرالمايتتى.؛ ھەرىكەت قىلىشىم، باستۇرۇلغان ئاۋازلارنى دۇنياغا ئاڭلىتىشىم كېرەك ئىدى. چۈنكى پەقەت شېئىر ئارقىلىق پىكىر بايان قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئازاب چېكىۋاتقان بۇ شائىرلارنىڭ پاجىئەسىنى دۇنيانىڭ ئۇنتۇپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىم ھەممىدىن مۇھىم ئىدى.

نەچچە يىلدىن بۇيان ۋەتەن بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىلىرىمنىڭ ئۈزۈپ تاشلىنىشى ۋە ئائىلەم بىلەن بولغان ھەرقانداق ئالاقەمنىڭ چەكلىنىشى ماڭا تەسۋىرلىگۈسىز روھىي بېسىم پەيدا قىلغان ئىدى. كۆپلىگەن شائىر دوستلىرىمنىڭ خىتاي تۈرمىلىرىدە ئازاب چېكىۋاتقانلىقى ھەر ۋاقىت ئېسىمگە كەلگىنىدە بۇ كىتابنى پۈتتۈرۈشكە بولغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ئېشىپ باردى. تۇتقۇن قىلىنغان ۋە قامالغان ئۇيغۇر شائىرلىرى توغرىسىدا ئىشەنچلىك ئۇچۇرغا ئېرىشىشنىڭ قىيىنلىقىغا قارىماي، 2017-يىلدىن باشلاپ بۇ تەتقىقاتنى ئىزچىل ئېلىپ باردىم. نەشر قىلىنغان كىتابلار، ژۇرناللار ۋە تور مەنبەلىرىدىن قاماققا ئېلىنغان، تۇتقۇن قىلىنغان ۋە غايىب قىلىۋېتىلگەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى توپلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىجرا قىلىۋاتقان ئۇچۇرنى قامال قىلىش ياكى يوق قىلىۋېتىش قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە ئۇلارنىڭ يېرتىپ تاشلانغان نەزمىلىرىنى ۋە ھايات ھېكايىلىرىنى تېپىپ چىقىشقا ۋە بىر-بىرلەپ يىغىشقا كىرىشتىم. بەش يىلدىن ئارتۇق جاپالىق ئەمگەك ۋە روھىي بېسىملاردىن كېيىن، ئاخىرى بۇ تەرجىمە ئەمگەك ئىشلىرىنى تاماملاشقا مۇۋەققەت بولدۇم.

بۇ كىتاب شۇ يىللارچە داۋام قىلغان پىداكارلىق، مېھنەتسىز ئەمگەك ۋە ئۆزىنى پىدا قىلىشنىڭ نەتىجىسىدۇر. قاماقتىكى بۇ شائىرلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئۇلار ھەققىدىكى قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى خەۋەر قىلغان <رادىيو ئەركىن ئاسىيا> ئۇيغۇر بۆلۈمىگە، بولۇپمۇ دوستۇم شۆھرەت ھوشۇر خەۋەر قىلغان تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇر شائىرلىرى ھەققىدىكى ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي دوكلاتلارغا چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. سەلىمە خانىمغا، شۇنداقلا سەبداش ۋە دوستلىرىمدىن ئابدۇۋېلى ئايۇپ، باھرام سىنتاش، نەجمىدىن شېرىپ، ۋە نامىنى ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان، چەتئەلدە ياشاۋاتقان باشقا نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمغا قەرزدارمەن. ئاخىرىدا بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ياردەمدە بولغان ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنداقلا بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن ياردەمدە بولغان ئەنگلىيەدىكى ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلىرىمغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. ئۇلارنىڭ قىممەتلىك تۆھپىسى، ئۆزلۈكسىز قوللىشى ۋە جۈرئىتى تۇتقۇن قىلىنغان ۋە جازا ھۆكۈم قىلىنغان ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ پاجىئەسىنى دۇنياغا يورۇتۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

دۇنيانىڭ ھەممە ئادەم ئۈچۈن تىنچ، ئادالەتلىك ماكان بولۇشىدىن، كىشىلەرنىڭ دىنى، رەڭگى ياكى مەدەنىيىتىنىڭ پەرقلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممە كىشىنىڭ ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن خاتىرجەم ياشىيالىشى بۇگۈنكى ئىنسان جەمئىيىتىنىڭ شەرتى ۋە تەقەززاسىدۇ. بۇ مۇددىئا ۋە ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن، تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇر شائىرلىرىغا ئوخشاش مىڭلىغان ناھەق زۇلۇم تارتىۋاتقان كىشىلەر ئەركىنلىككە ئېرىشىشى كېرەك. ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ پەقەت شېئىر ئارقىلىق ئۆز پىكرىنى بايان قىلغانلىقى ئۈچۈنلا خىتاي تۈرمىلىرىدە قىيىن-قىستاققا ئۇچرىشى، جازالىنىشى بۈگۈنكى مەدەنىي دۇنيا قوبۇل قىلالايدىغان ئىش بولماستىن. بىر مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ئۆتكۈزۈۋاتقان جىنايىتىدىن ئىبارەت، خالاس.

بۇ كىتاب ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدىغان دۇنياغا بىۋاسىتە مۇراجىئەت قىلىش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن بىر مېھنەتتۇر. بۇ كىتاب ئۇيغۇرلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇسى، كېلەچىكى ۋە ھايات قېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مۇستەھكەم كۈرىشىنى بايان قىلىدۇ. بۇ كىتاب ئارقىلىق، ئاۋازى بوغۇلغانلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، يېزىلغان ھەر - بىر مىسرالار ئارقىلىق قاماقتا ئازابلىنىۋاتقان مەھبۇس شائىرلارنىڭ مۇڭلىرىغا ھەمراھ بولىمەن.

ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ قاراڭغۇ دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈردى. شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى، خەلقىمىز چوقۇم بۇ زۇلۇمنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. ئۇلار ئەركىن بىر ۋەتەننى ئارزۇ قىلىپ ياشىسا ۋە شۇ ۋەتەن ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلسا، ئۇيغۇر روھى ھېچقاچان ئۆچمەيدۇ. ئۆز زېمىنىدا ئىززەت ۋە تىنچلىق ئىچىدە ئەركىن ياشىمىغۇچە، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك كۈرىشى داۋام قىلىدۇ. بۇ كىتاب پەقەت قايغۇ بىلەنلا تولغان ئەمەس. ئۇ مۇھەببەت، ئۈمىد ۋە كېلەچەككە بولغان ئىشەنچىنىمۇ ئۆزىگە سىڭدۈرگەن. كىتابتىكى شېئىرلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ چىدامچانلىقى ۋە گۈزەللىكىنى نامايان قىلغان بولۇپ، سىز ئەشۇ ئىزگۈ مىسرالاردىن خۇشاللىق ۋە ئىلھام تېپىشىڭىز مۇمكىن.

بۇ كىتابتىن ئورۇن ئالغان، پەقەت ئۇيغۇر بولغانلىقى ۋە ئەركىنلىك بىلەن ئادالەتكە بولغان مۇھەببىتىنى شېئىر ئارقىلىق ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈنلا خىتاي تۈرمىلىرىدە ئازاب چېكىۋاتقان يىگىرمە بەش ئۇيغۇر شائىرىنى ئۇنۇتماڭلار، ئۇلارنى ھەر ۋاقىت ئەسلەپ قويۇڭلار. زۇلۇم ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى بېسىقتۇرغان بولسىمۇ، ئىنسانىيەت، مۇھەببەت ۋە ئەركىنلىك تەرەپدارى بولغان سىلەر، پۈتۈن دۇنيا ئۇلارنىڭ ئاۋازى بولۇپ ياڭرىشى كېرەك.

مەن قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئۇيغۇرلار ئېرىشىدىغان ئادالەت ئەلۋەتتە غەلىبە قىلىدۇ. ھەقىقەت ۋە ئەركىنلىكنى كۈيلىگەنلىكى ئۈچۈن تۈرمىگە قامالغان بۇ شائىرلار ئازات قىلىنىشى كېرەك. ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ ۋە سوغۇق تۈرمە پەنجىرىلىرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان سۈكۈتتىكى پەريادلىرىغا قۇلاق سېلىڭلار!

مەن بۇ كىتابنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چېكرا ئاتلاپ باستۇرۇش بېسىمىنىڭ كۆلەڭگىسىدە تۇرۇپ، زور روھىي بېسىم ۋە ئازاب ئىچىدە يېزىپ چىقتىم. بارلىق ئائىلەم ۋە دوستلىرىم بىلەن بولغان ھەممە ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالغان ھالەتتە جىددىيلىك ۋە ئېغىر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنى داۋاملاشتۇردۇم.

مەن دۇنيانى داۋاملىشىۋاتقان ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىغا — خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتا يولغا

قويۇۋاتقان ئەڭ رەھىمسىز ۋە ئىنسانپەرۋەرلىككە زىت زۇلۇمغا شاھىت بولۇشقا چاقىرىمەن.

يۇرىكىمدە بىر ھەقىقەت دائىم لاۋۇلدايدۇ: ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئادالەت نۇرى ھامان چاقنايدۇ. ئىستىبدات ـ زومىگەر خىتاي ھاكىمىيىتى ھامان غۇلايدۇ ۋە ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ شەرمەندە بەتلىرىدىن ئورۇن ئالىدۇ.»



# ختاي ئارمىيەسىدىكى تازىلاش ھەرىكىتى

داريا ئىمپيومباتو، ھېلىنا لىخگاردا

# خىتاي ئارمىيەسىدىكى تازىلاش ھەرىكىتى

دارىيا ئىمپىيومباتو، ھېلىنا لىگاردا

خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىككى ئەمەلدارى جاڭ يۇشيا (Zhang Youxia) ۋە لىيۇ جېنلى (Liu Zhenli) قاتارلىق ئىككى ھەربىي رەھبەرنىڭ يېقىندا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىشى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ۋاقىتتا يۈز بەردى. ئانالىزچىلار دارىيا ئىمپىئومباتو (Daria Impiombato) ۋە خېلىنا لېگاردانىڭ (Helena Legarda) كۆرسىتىشىچە شى جىنپىڭ دەۋرىدىكى خىتايدا قەرەللىك ۋە ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىدىغان چىرىكلىككە قارشى تۈرۈش ھەرىكەتلىرى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن سىياسىي ئالاھىدىلىككە ئايلانغان. شۇڭا بۇ قېتىمقى تازىلاشنىڭ ئەڭ ئادەتتىن تاشقىرى تەرىپى كىملەرنىڭ يىقىتىلغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى بۇ ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش سۈرئىتى ۋە ۋاقتىدا بولماقتا.

شى جىنپىڭنىڭ ئالىي ھوقۇققا ئىگە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بولغان جاڭ يۇشيا ۋە لىيۇ جېنلىغا قارىتا قوزغىغان بۇ ھەرىكىتى ئۆكتەبىردە ئېلىپ بېرىلغان ئازادلىق ئارمىيە ئىچىدىكى كەڭ كۆلەملىك تازىلاشتىن تېخى ئۇزاق ئۆتمەيلا، شۇنداقلا ئالدىمىزدىكى مەركىزىي كومىتېت يىغىنى (پلېنۇم) ياكى كېلەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلتىيى قاتارلىق مۇۋاپىق بىر پۇرسەتنى كۈتۈپ ئولتۇرمايلا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئەھۋال سىياسىي سەپنى تەرتىپكە سېلىشتىكى كۈچلۈك بىر جىددىيچىلىك سىگنالىدىن دېرەك بېرىدۇ. كېلەر يىلى جۇڭگو رەھبەرلىك قاتلىمى ئۈچۈن ئىنتايىن ھالقىلىق بىر يىل بولۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى ۋە 2027-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كومپارتىيەنىڭ 21-قۇرۇلتىيى يېقىنلىشىپ قالدى. شى جىنپىڭ بۇ مۇددەتكىچە ئارمىيەنىڭ زامانىۋىلىشىش ۋە جەڭگىۋارلىق نىشانلىرىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئامېرىكا ئۇرۇش مىنىستىرلىقى (دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى) ۋە باشقا رەسمىي مەنبەلەرمۇ 2027-يىلىنى شى جىنپىڭنىڭ ئۆز ئارمىيەسىنى تەيۋەن مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا (ۋە غەلىبە قىلىشقا) تەييارلاشقا بۇيرۇغان يىل دەپ كۆرسەتمەكتە.

سۆزسىزكى، بۇ مۇساپە خېلىلا مۇرەككەپ بولۇپ، تۈرلۈك كۈتۈلمىگەن قىيىنچىلىقلاردىن خالىي ئەمەس.

شى جىنپىڭ كۆزلەنگەن تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئاستا بولۇش سەۋەبىنى پۈتۈنلەي يوقىتىشقا بەل باغلىغان. يانۋار ئېيىدا جاڭ يۇشيا بىلەن ليۇ جېنلىنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىشى بۇ قېتىمقى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولدى. بۇنىڭ بىلەن شى جىنپىڭ ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولغان ئارمىيە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى جاڭ شېڭمىن (Zhang Shengmin) ئىككىلىسىلا پارتىيەنىڭ ھەربىي كۈچلىرىگە رەھبەرلىك قىلدى. بۇ ئەھۋال قوماندانلىق زەنجىرىدە نامەلۇم بولغان خەتەرلەرنى ۋە ھوقۇق بوشلۇقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. گەرچە بىر قىسىم كۆزەتكۈچىلەر، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى نۇرغۇن ئادەملەر ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ يىقىتىلغاندىن كېيىن، ھۆرمەتكە سازاۋەر ھەربىي پېشقەدەم ۋە «شاھزادىلەر گۇرۇھى» نىڭ ئەزاسى بولغان جاڭ يۇشيانىڭ تەختتىن چۈشۈشىدىن «ھەيران قالغان» لىقىنى بىلدۈرۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيەت دەۋرىدە بۇنداق ئىشلارنىڭ باشقا ئۆرنەكلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇ قېتىملىق ھەرىكەت ئازادلىق ئارمىيەنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك گېنرالىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش بىلەن ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەندەك قىلدۇ.

شى جىنپىڭ 2013-يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپلا خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ئىچىدە كەڭ كۆلەملىك چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى بەش يىللىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدە، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن گو بوشيوڭ (Guo Boxiong) بىلەن شۇ سەيخۇ (Xu Caihou) چىرىكلىك سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. 2017-يىلى پارتىيەنىڭ 19-قۇرۇلتىيى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەزالىرىدىن بىرلەشمە شتاب بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فاڭ فېڭخۇي (Fang Fenghui) بىلەن سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جاڭ ياڭ (Zhang Yang) تەكشۈرۈلۈش قىسمىتىگە دۇچ كەلدى. 2023-يىلىدىن 2025-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بولسا، شى جىنپىڭ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ يەنە تۆت ئەزاسىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سابىق مۇداپىئە مىنىستىرى ۋېي فېڭخې (Wei Fenghe)، ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن لى شاڭفۇ (Li Shangfu)، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خې ۋېيدۇڭ (He Weidong) ۋە سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى مياۋ خۇا (Miao Hua) قاتارلىقلار بار.

### نۆۋەتتىكى تازىلاش سەۋەبىنىڭ مۇجمەللىكى

بېيجىڭ دائىرىلىرى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى دۇنياغا نامايان قىلىشقا تىرىشىۋاتقان بىر پەيتتە، خەلقئارادىكى ئوبرازىغا كېلىدىغان تەسىرگە قارىماي، جاڭ يۇشيا بىلەن ليۇ جېنلىنى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا يىقىتىش قارارى تۈرلۈك سوئاللارنى تۇغدۇرماقتا. بەزى ئانالىزچىلارنىڭ قارىشىچە، شى جىنپىڭ

جاڭ يۇشيانىڭ 2027-يىلى ۋە 2035-يىلدىكى ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانلىرىغا يېتىش جەھەتتىكى تۇتۇمىدىن رازى بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. تەسىر كۈچكە ئىگە ئەربابلاردىن بولغان جاڭ بىلەن ليۇ شى جىنپىڭغا قارشى تۇرغانلىقى ياكى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئالاقە تورىنى قۇرغانلىقى سەۋەبلىك سىياسىي جەھەتتىن خەتەرلىك دەپ قارالغان بولۇشى، ياكى خې ۋېيدۇڭ بىلەن ئۆكتەبىردە ئارمىيەدىن ھەيدەلگەن گېنراللارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەرگە چېتىلىپ قالغان بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن. ياكى بولمىسا شى جىنپىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلىغىنىغا ئون يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ئىچىدە يەنىلا ساقلىنىۋاتقان چىرىكلىك قىلمىشلىرىدىن تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ، ئارمىيەنى پۈتۈنلەي ۋە تۈپتىن تازىلاشنىلا خالىغان بولۇشى مۇمكىن.

قانداقلا بولمىسۇن، بۇ قېتىمقى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشلارنىڭ ئاساسلىقى سىياسىي خاراكتېرلىك ئىكەنلىكى ئېنىق. تازىلاش ھەرىكىتىدىن بۇيان، «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋە ئارمىيەنى «پارتىيەنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكىگە بوي سۇندۇرۇش» زۆرۈرلۈكى ھەققىدە بىر قانچە باش ماقالە ئېلان قىلدى. مەزكۇر ماقالىلەردە جاڭ بىلەن ليۇنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىشى پارتىيەنىڭ «خەلق ئارمىيەسىنىڭ سىياسىي خىسلىتىنى قەتئىي قوغداش» ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە بىۋاسىتە تىلغا ئېلىندى. شۇنداقلا، ئۇلار بۇ ئىككى گېنرالنى «مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىس مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىگە ئېغىر دەرىجىدە دەخلى-تەرۇز قىلدى ۋە ئۇنى ۋەيران قىلدى» دەپ قاتتىق ئەيىبلىدى. بۇنداق چۈشەندۈرۈش بېرىش ۋە قارارنى كۈچلۈك قوللاشقا بولغان جىددىي ئېھتىياج، مەزكۇر ھەرىكەتنى قوزغاتقان يوشۇرۇن ئامىللار ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدۇ ھەمدە شى جىنپىڭغا نىسبەتەن (مەيلى ھەقىقىي ياكى شۇنداق ھېس قىلىنغان بولسۇن) سىياسىي تەھدىت مەۋجۇت دېگەن قاراشنى كۈچەيتىدۇ.

## يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى مىش-مىش پاراڭلار ئەۋج ئالماقتا

شى جىنپىڭنىڭ يېڭىدىن ئۆستۈرگەن ئىككى گېنرالى — ئۆتكەن يىلى دېكابىردا ئايرىم-ئايرىم ھالدا شەرق ۋە مەركىزىي ئۇرۇش رايونى قوماندانلىق شتابلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشقا تەيىنلەنگەن ياڭ جىبىن بىلەن خەن شېڭيەن — پات ئارىدا ئېچىلىدىغان ئومۇمىي يىغىنلارنىڭ بىرىدە ئۆستۈرۈلۈشى مۇمكىن بولغان كاندىداتلاردەك قىلىدۇ. نېمىلا دېگەنبىلەن، ئۇلار خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىدە قالغان ساناقلىق ئۈچ يۇلتۇزلۇق گېنراللارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بىراق، بۇ ئەھۋال مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىدا يەنە بىر قېتىملىق كادىرلار تەڭشىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

شى جىنپىڭ ئۈچۈن قوراللىق كۈچلەر ئىچىدە ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان پاسسىپ ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە، ئەمەلىي جەڭگە قوماندانلىق قىلالايدىغان رەھبەرلەرنى ئۆستۈرۈش تېخىمۇ جىددىي ۋەزىپە بولۇشى مۇمكىن. بۇ يېڭىدىن يېتىشىپ چىققان گېنراللار چوقۇم سادىق، شى جىنپىڭنىڭ پىلانلىرىغا جان-دىلى بىلەن خىزمەت قىلىدىغان ۋە چىرىكلىكتىن يىراق تۇرىدىغان بولۇشى شەرت. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئارقىمۇ ئارقا جىددىي سەپەرۋەرلىكلەر سەۋەبىدىن، ئادەتتە گېنراللارنىڭ ئۆسۈش پەللىسى ھېسابلىنىدىغان نۇرغۇن ئورۇنلار بوش قالدى ياكى كاندىدات بولۇش ئېھتىماللىقى بار شەخسلەر جامائەت نەزىرىدىن سىرلىق رەۋىشتە غايىب بولۇپ كەتتى. بۇ ئەھۋال كەلگۈسىگە ئائىت پەرەزلەرنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى.

بۈگۈنكى كۈندە پەقەت مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىلا كادىر يېتىشمەسلىك مەسىلىسىگە دۇچ كېلىپ قالغىنى يوق. مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا قاراشلىق سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى، بىرلىككە كەلگەن جەڭگىۋار شتاب بۆلۈمى قاتارلىق فۇنكسىيەلىك تارماقلار، شۇنداقلا خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى ۋە راكېتا ئارمىيەسىنىڭ رەھبەرلىك ئورۇنلىرى يەنىلا بوش تۇرماقتا. ئازادلىق ئارمىيەنىڭ ئۇرۇش رايونلىرى ۋە قىسىملىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان باشقا بىر قانچە گېنرالمۇ يېقىنقى مەزگىلدە جامائەتنىڭ كۆزىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇلدى. گەرچە بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ چوقۇم تازىلانغانلىقىدىن دېرەك بەرمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھەققىدە تۈرلۈك مىش-مىش پاراڭلار ئەۋج ئالماقتا.

### شى جىنپىڭ تازىلانغان گېنراللارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا مەلۇم ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ

ئەگەر شى جىنپىڭ ئۆتكەن بىر قانچە يىلدا بىرەر نەرسىنى ئىسپاتلىغان بولسا، ئۇ دەل ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات ۋە قايتا تەشكىللەشتىن قورقمايدىغانلىقىدۇر. بىراق، شى جىنپىڭ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ كادىرلار تەڭشىلىشىنى تولۇق تاماملاشتىن بۇرۇن، تازىلانغان گېنراللارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا ۋە بوش ئورۇنلارغا ئادەم تەيىنلەشكە مەلۇم ۋاقىت ئاجرىتىشى مۇمكىن. شى جىنپىڭنىڭ يېقىنقى ئومۇمىي يىغىندا بۇنداق پۇرسىتى بار ئىدى، ئەمما ئۇ بۇنداق قىلماسلىقنى تاللىدى. بۇ ئۇنىڭ مۇۋاپىق كاندىداتلار بېكىتىلگۈچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

رەسمىي تاراتقۇلارنىڭ جاڭ بىلەن ليۇنىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇشىنى چۈشەندۈرۈشتە ئىشلەتكەن تىلى، بۇ قېتىمقى تازىلاش ھەرىكىتىنىڭ تېخى ئاخىرلاشمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شى جىنپىڭ

ئۆزىگە ھەقىقىي سادىق بولىدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد ئوفىتسېرلار قوشۇنىنى ئاشكارىلاشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان پەيتتە، كەلگۈسى بىر قانچە ھەپتە ۋە ئايلار ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلىشى ۋە (يېڭى ـ يېڭى كىشىلەرگە) گېنراللىق ئۇنۋانى بېرىلىشى مۇمكىن. كېلەر نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ يېڭىدىن تەشكىللىنىشىمۇ مۇمكىنچىلىكتىن ئۇزاق ئەمەس.

قىسقا مەزگىلدىن قارىغاندا، بۇ ئەھۋال تەيۋەن ئۈچۈن خۇش خەۋەر بولۇشى مۇمكىن. مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئورنى بوشاپ، قوماندانلىق زەنجىرى قالايمىقانلاشقان بىر شارائىتتا، تەۋەككۈلچىلىك خاراكتېردىكى ھەربىي ھەرىكەتلەرنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى تۆۋەن بولىدۇ. لېكىن ئۇزۇن مەزگىلدىن قارىغاندا، تېخىمۇ سادىق ۋە ئىشەنچلىك دەپ قارالغان يېڭى ئەۋلاد ئازادلىق ئارمىيە رەھبەرلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى توقۇنۇش خەۋپىنى ئاشۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. شۇنىسى ئېنىقكى، گەرچە ھازىر ئازادلىق ئارمىيەدە مەلۇم دەرىجىدە قالايمىقانچىلىق مەۋجۇت بولسىمۇ، شى جىنپىڭ ھوقۇقىنى يەنىلا مەھكەم تۇتۇپ تۇرماقتا ۋە كىمنىڭ يىقىلىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ تازىلاش سەپەرۋەرلىكىنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇش يولىدا ئىلگىرىلىمەكتە.

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

https://merics.org/en/comment/unusual-speed-and-potential-triggers-assessing-latest-purges-chinas-military

مسلىسىز ئويغىنىش

# 2026-يىلى ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۈچەيتىش



بروس روزېنشتېين

# 2026 ـ يىلى ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۆچەيتىش

(قانداق قىلغاندا پېتىر درۇكېرنىڭ ئەقىل ـ پاراستىدىن ئۆزىمىزنى

ئىدارە قىلىش جەھەتتە پايدىلىنالايمىز)

بروس روزېنشتېين

ئالدىمىزدىكى بىر يىلدا ئۆزىڭىزنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى تۈزمەكچى بولغاندا، باشقۇرۇش مەسلىھەتچىسى ۋە پەيلاسوپ پېتىر درۇكېرنىڭ (Peter Drucker) كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئەسەرلىرىدىكى ئىدىيەلەرنى ئۆزىڭىزگە تەدبىقلاشنى ئويلىشىپ كۆرۈڭ. ئۇنىڭ قىممەتلىك كۆز قاراشلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغان چاغدىكىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ قوللىنىشچانلىققا ئىگە. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ ئەقىل ـ پاراسەتلەرنى خىزمەت ئورنىدىلا ئەمەس، تۇرمۇشنىڭ ھەممىلا قىسمىدا ئىشقا سېلىشقا ماس كېلىدۇ.

مەيلى سىز 2026 ـ يىللىق كونكرېت نىشانلىرىڭىزنى ئويلاشقان ياكى ئويلاشمىغان بولۇڭ، بۇ ئىككى كىتابنى ئوقۇسىڭىز، سىزنى رەھبەرلىك ئىلمى، باشقۇرۇش سەنئىتى، شەخسىي ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ۋە ئىجادچانلىق جەھەتلەردە ئىلھام، ئەندىزە ۋە يېتەكچىلىك بىلەن تەمىنلەيدۇ. «درۇكېرنىڭ كۈنلىرى: توغرا ئىشلارنى ئۈنۈملۈك قىلىش ئۈچۈن 366 كۈنلۈك چۈشەنچە ۋە ئىلھام» ۋە «پېتىر درۇكېر بىلەن بىر يىلنى بىللە ئۆتكۈزۈش: رەھبەرلىك ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش بويىچە 52 ھەپتىلىك يېتەكچىلىك» قاتارلىق بۇ ئىككى كىتاب درۇكېرنىڭ كەڭ دائىرىلىك ئىدىيىلىرى بىلەن ئەمدىلا تونۇشقان يېڭى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن، شۇنداقلا تەجرىبىلىك ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بۇ كىتاب ئۆز ـ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى كۈندىلىك، ھەپتىلىك، ئايلىق پىلانلار، مەسلىھەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### «درۇكېرنىڭ كۈنلىرى»

«درۇكېرنىڭ كۈنلىرى» ناملىق بۇ كىتاپ، 2004 ـ يىلى درۇكېرنىڭ 95 يېشىدا، يەنى ئۇ ۋاپات

بولۇشتىن بىر يىل بۇرۇن نەشىر قىلىنغان. بۇ كىتابنى دروكېر ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق دوستى، ئوقۇتقۇچىسى، خىزمەتدىشى، دروكېر باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى جوسېف ئا. ماكىئارىيېللو (Joseph A. Maciariello) بىلەن بىرلىكتە يازغان. كىتابتا ھەر كۈنى بىر تېما ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ھەر بىر تېمىدا دروكېرنىڭ 40 نەچچە كىتابىنىڭ جەۋھىرى قىسقىچە بايان قىلىنغان، ھەمدە ھەر بىر مەزمۇن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ چۈشەنچىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان تەپسىلىي قەدەم باسقۇچلار قىستۇرۇلغان.

بۇ كىتابتىكى «ئۆزىنى باشقۇرۇش» توغرىسىدىكى چوڭقۇر ئۇقۇملار 22 كۈنگە بۆلۈنۈپ مۇھاكىمە قىلىنغان، ھەمدە ھەر بىر تېمىغا ماس كېلىدىغان ھەرىكەت پىلانى ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى سەپلەنگەن. قارار چىقىرىش ۋە ئىلمىي خىزمەتنىڭ ھەر بىرىگە 15 كۈندىن ئاجرىتىلغان، رەھبەرلىك چۈشەنچىلىرى ئۈچۈن بولسا 14 كۈن ئاجرىتىلغان.

## چۈشەنچىلەرنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش

ھەرىكەت نۇقتىلىرى ھەققىدىكى بىر قانچە مىساللار:

24-يانۋار: «ئارتۇقچىلىقىڭىزنى ۋە ئۇلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قانداق ھەرىكەت قوللانغانلىقىڭىزنى تىزىملاپ چىقىڭ. كىم سىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭىزنى پەرقلەندۈرۈشىڭىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ؟»

4-ئىيۇن: «ئۆچۈر مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىڭىزگە ئېلىڭ. توغرا ئۇچۇرلارنى دەل ۋاقتىدا توغرا كىشىلەرگە يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىڭ. كىمنىڭ قايسى ئۇچۇرغا تايىنىدىغانلىقىڭىزنى ۋە ئۆز نۆۋىتىدە كىمنىڭ سىزنىڭ ئۇچۇرىڭىزغا تايىنىدىغانلىقىنى تىزىملاپ چىقىڭ».

7-ئۆكتەبىر: «نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلار ئۈستىدە ئويلىنىڭ. بىرەر تەدبىر قوللىنىپ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن بۇرۇن، مەسىلىگە تولۇق ۋە توغرا دىئاگنوز قويۇڭ».

## «پېتىر دروكېر بىلەن بىر يىلنى بىللە ئۆتكۈزۈش»

ماكارىئېللو (Maciariello) «پېتىر دروكېر بىلەن بىر يىلنى بىللە ئۆتكۈزۈش» ناملىق بۇ كىتابنى

2014-يىلى ئۆزى يالغۇز يېزىپ چىققان. بۇ كىتابنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى گەرچە رەھبەرلىك ئۇنۇمغا مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەشكىللەش ئۇنۇمى، ئىستراتېگىيىسى ۋە ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ھازىرقى ياكى كەلگۈسىدىكى ھەرقانداق ئادەمگە ماس كېلىدۇ.

«پېتىر درۇكېر بىلەن بىر يىلنى بىللە ئۆتكۈزۈش» ناملىق بۇ كىتاب بىر ھەپتىدە بىر تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا يېزىلغان بولسىمۇ، قىسمەن تېمىلىرى «شەخسىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش يول خەرىتىسى»، «مۇۋەپپەقىيەتتىن مۇنەۋۋەرلىككىچە» ھەمدە «خاراكتېر ۋە مىراس» قاتارلىق چوڭ تېمىلارغا تۇتاشقان.

ماكارىئېللو ھەر بىر تېمىغا قىسقىچە كىرىش سۆز يازغان، ھەمدە درۇكېرنىڭ نەشىر قىلىنغان ۋە ئېلان قىلىنمىغان ئەسەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرگەن. ھەر ھەپتىلىك تېمىدا مۇھىم ئويلىنىش نۇقتىلىرى ۋە تەپسىلىي يېزىلغان «ئەمەلىي مەشغۇلاتلار» قوشۇلغان.

### شەخسىي تەرەققىيات ئۈچۈن ھەپتىلىك قوللانما

9-ھەپتە: «خىزمەت تەقسىماتىدا ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىش»

18-ھەپتە: «جەمئىيەت ۋە شەخسلەرنىڭ مۇھىم ئۆتكۈنچى دەۋرى»

43-ھەپتە: «كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىغا ۋە ھاياتىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا قەدەم ئېلىشىغا ياردەم بېرىدىغان كاتالىزاتور»

كىتابتىكى مەزمۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرى نەشىر قىلىنمىغان، درۇكېرنىڭ سابىق خېرىدارى بوب بۇفورد (Bob Buford) بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇزۇن يىللىق سۆھبەتلىرىدىن ئېلىنغان. بوب بۇفورد 1980-يىللارنىڭ بېشىدا درۇكېرنىڭ ئىجرائىيە مەسلىھەتچى سۈپىتىدە ئىش باشلىغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن يازغۇچى، ئىگىلىك تىكلىگۈچى ۋە درۇكېر ئىنستىتۇتىنىڭ قۇرغۇچى رەئىسى بولغان. ھەپتىلىك قوللانما ئۇسۇل جەھەتتىن ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولۇپ، ئاخىرىدا، ئۆگەنگەن دەرسلەر ۋە «درۇكېرنىڭ پرىنسىپلىرى» خۇلاسە قىلىنغان.

ئوقۇش ۋە قوللىنىش

بۇ كىتابلارنى ئوقۇش ۋە قوللىنىشنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرى بار:

يېزىش ئۇسۇلى. يەنى، كۈندىلىك ۋە ھەپتىلىك بىر ياكى ئىككى كىتابنى ئوقۇش، ھەرىكەت نۇقتىلىرى ۋە ئەمەلىي مەشغۇلات كۆرسەتمىلىرىگە ئىنكاسلارنى يېزىش ئۇسۇلى.

ئارىلاشما ئۇسۇل. يەنى پەقەت ئۆزىڭىزگە ئەڭ ماس كېلىدىغان تېما ۋە مەزمۇنلارنى تاللاش ئۇسۇلى.

نىشانلىق ئۇسۇلنى قوللىنىش. يېڭى كەسىپنى تەكشۈرۈش، يېڭى كۇرس، يېڭى دەرس ياكى مائارىپ پروگراممىلىرىغا قاتنىشىش قاتارلىق يىللىق نىشانلىرىڭىزغا ماس كېلىدىغان تېمىلار ۋە مەزمۇنلارنى تاللىسىڭىز بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، دىرۇكېرنىڭ كەڭ كۆلەملىك يازمىلىرى ياكى سىز قىممەتلىك دەپ قارىغان باشقا مەنبەلەردىن ئېلىنغان ئۆزىڭىزگە ماس كېلىدىغان تېما، مەزمۇن، ئوقۇش ماتېرىياللىرى ۋە كۆرسەتمىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆزىڭىزنىڭ خاسلاشقان ئۇسۇلىنى يارىتالايسىز.

**خۇلاسە**

يېڭىڭىزدا دىرۇكېرغا ئوخشاش مۇشۇنداق بىر يېتەكچىنىڭ بولۇشى سىزنىڭ 2026-يىل ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىڭىزغا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئۆزىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن يىل بويى تىرىشىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن پىلانلىرىڭىز ۋە نىشانلىرىڭىزنى كىتابتىن قوبۇل قىلغانلىرىڭىزغا ئاساسەن ئۆزگەرتىش ۋە تەڭشەش ئېلىپ بېرىڭ. «دىرۇكېرنىڭ ھەر كۈنى» ناملىق كىتابنىڭ 9-سېنتەبىردىكى تېمىسى «كەسپىي ھاياتىڭىزغا مەسئۇل بولۇڭ» ئېسىڭىزدە بولسۇن.

**ئىنگلىسچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى**

https://www.psychologytoday.com/us/blog/the-peter-drucker-files/202512/supercharge-your-2026-self-development





# توكەر كارلسون قانداق بولۇپ ئاشقۇن ئوڭچىللارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك سادالىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالدى؟

تيري گروس

# توكېر كارلسون قانداق بولۇپ ئاشقۇن ئوڭچىللارنىڭ ئەڭ تەسىر كۈچكە ئىگە سادالىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالدى؟

تېرىي گروس

«نيۇ يوركېر» (New Yorker) ژۇرنىلى ئىگىلىكىدىكى يازغۇچىسى جەيسون زىنگىرلى مۇنداق دەيدۇ: «توكېر كارلسون ئاق تەنلىكلەرنىڭ نارازىلىق ھېسسىياتىنى دەستەك قىلغان بىر مىللەتچى نامزاتنىڭ (يەنى ترامپنىڭ) جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ دەسلەپكى سايلىمىدا خېلىلا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ فوكس (Fox) تېلېۋىزىيەسىدە كۆتۈرۈلىشىگە دەل ترامپنىڭ سىياسىي سەھنىگە كىرىپ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرەلىگەن پاراستى سەۋەب بولغان.

زىنگىرلى ئۆزىنىڭ «ھەممە كىشىلەر نەپرەتلىنىدىغان ئادەم: توكېر كارلسون ۋە كونسېرۋاتىپ تەپەككۇرنىڭ پارچىلىنىشى» ناملىق يېڭى كىتابىدا، كارلسوننىڭ قانداق بولۇپ يۈكسەلگەنلىكىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ قانداق بولۇپ ئاشقۇن ئوڭچىلار ئارىسىدىكى ئەڭ تەسىرلىك شەخسكە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

زىنگىرلى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كارلسون دونالد ترامپ چوقۇم سۆزىگە قۇلاق سالىدىغان ۋە پىكىرىنى ئاڭلاشنى خالايدىغان بىرىدۇر. كارلسون ترامپقا ئۆز پىكىرلىرىنى ۋە مەسلىھەتلىرىنى بېرىشتىن ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ترامپنىڭ ھەمىشە ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ترامپنىڭ بەزى قارارلىرىدىن كارلسوننىڭ ئۈمىدسىزلەنگەن چاغلىرىمۇ بولغان. ئەمما ئۇنىڭ قارار چىقىرىش داستىخىنىدا چوقۇم بىر ئورنى باردەك كۆرۈنىدۇ.»

كارلسون خىزمەت ھاياتىنى كونسېرۋاتىپ باسما تاراتقۇلاردا باشلىغان بولۇپ، كابېللىق تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە تېلېۋىزىيە ساھەسىگە قەدەم قويىغان. ئۇ CNN ۋە MSNBC (ھازىرقى MS NOW) تېلېۋىزىيە قاناللىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، فوكس تەرىپىدىن خىزمەتكە تەكلىپ قىلىنغان، ئەمما 2023-يىلى تۇيۇقسىز ئىشتىن بوشىتىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ «X» (سابىق تۋىتتېر) ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىسىدا يېڭى بىر تور پروگراممىسىنى باشلىدى. ئۇ يەردە «ئۇلۇغ ئالماشتۇرۇش» (Great Replacement) سۇيىقەست نەزەرىيەسىگە ئوخشاش ئاشقۇن ئوڭچىللارنىڭ چەتكە قاقىدىغان قاراشلىرىنى تەرغىب قىلماقتا.

زىنگىرلى مۇنداق دەيدۇ: «فوكس تېلېۋىزىيەسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەييار كۆرۈرمەنلەر

توپى يوقالدى. شۇڭا ئۇ هازىر ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىگە يول تېپىشقا مەجبۇر. مېنىڭچە، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ پودكاستىنى ئاڭلىشقا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇ تېخىمۇ غەيرى ۋە ھەيرانلىق تۇيغۇسى قوزغايدىغان قاراشلارنى قوبۇل قىلدى. ئۇ ئىلگىرى سۆز ئۇسلۇبىنى ئازراق تەڭشەشكە ياكى يۇمشىتىشقا تىرىشاتتى، هازىر بولسا ئاشۇ گەپلەرنى تېخىمۇ ئوچۇق-ئاشكارا تىل بىلەن ئېيتىۋاتىدۇ.»

زىنگرلى كارلسوننىڭ كەسپىي هاياتىدىكى ئاساسلىق لىنىيەنى «شۆھرەت، بايلىق ۋە هوقۇق» قا بولغان ئىشتىياق دەپ قارايدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئەگەر كارلسون بىر كۈنى ئۆزى سايلامغا چۈشسە، زىنگرلى بۇنىڭدىن ھەرگىز ھەيران قالمايدۇ.

زىنگرلى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنى پەقەت بىر تاراتقۇ ئەربابى دەپلا قاراش توغرا ئەمەس. مېنىڭچە ئۇنىڭ نىشانى بۇنىڭدىنمۇ چوڭ. ئۇ هازىر بىر تاراتقۇ پائالىيەتچىسىدىن بەكرەك، بىر سىياسىي رول ئالغۇچى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلماقتا.»

### كارلسوننىڭ 90-يىللاردىكى يازما ژۇرنالىستىكىدىن تېلېۋىزىيە ساھەسىگە ئۆتۈشى ھەققىدە

ئۇنىڭ سۆزمەنلىكى، ھەممە ئىشتا ئۆزىگە خاس بىر پىكرىنىڭ بولۇشى ۋە كامېرا ئالدىدا يېتەرلىك دەرىجىدە زەكىي كۆرۈنۈش ئىقتىدارى قاتارلىق ئارتۇقچىلىقلىرى ئۇنىڭ كەسپىي هاياتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان. ئۇ بارلىق ۋاقتى ۋە زېھنىنى سەرپ قىلىپ يازما ماقالىلەرنى تەييارلىغان بىلەن، بۇنىڭغا ئېرىشىدىغان ئىنكاسلار ئىنتايىن چەكلىك بولاتتى. لېكىن، ئۇ بىرەر تېلېۋىزىيە پروگراممىسىغا چىقىپ تۇيۇقسىز بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويسا، كابىنېت ئەزالىرى ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ، شۇ تېمىدا سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلاتتى. مېنىڭچە دەل مۇشۇنداق ئېتىراپ قىلىنىش ئۇنى تېلېۋىزىيەنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يول ئىكەنلىكىگە قايىل قىلغان.

### جون ستېۋارتنىڭ 2004-يىلى CNN نىڭ «كروسفايېر» (Crossfire) پروگراممىسىغا چىقىشى ۋە بۇنىڭ پروگراممىنىڭ توختىتىلىشىغا سەۋەب بولۇشى ھەققىدە

مېنىڭچە، بۇ توكېرنىڭ كەسپىي هاياتى ۋە تۇرمۇشىدىكى ئىنتايىن مۇهىم بۇرۇلۇش بولدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ستېۋارت بىلەن بىر قەدەر يېقىن ئىدى. ئۇ ستېۋارتنىڭ «كروسفايېر» پروگراممىسىغا ۋە كابېللىق تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىگە نىسبەتەن پاسسىپ قاراشتا ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى. لېكىن، ھەر ئىككىسى «كروسفايېر»دىكى ھالەتنى بىر خىل «رول ئېلىش» دەپ ئويلايتتى. يەنى سىز بىر ئادەم بىلەن 30 مىنۇت مۇنازىرىلىشىسىز، ئاندىن بىللە چىقىپ تاماق يەپ، كۆڭۈل ئاچىسىلەر. بۇ مەلۇم جەھەتتىن خۇددى

كەسپىي چېلىشىش مۇسابىقىسىگە ئوخشايتتى. ئاخىرقى قېتىم ستېۋارت پروگراممىغا چىقىپ، بۇ خىل «ئويۇن» نىڭ بىر قىسمى بولۇشنى رەت قىلغاندا، توكېر قاتتىق ھەيران قالدى. ئۇ ستېۋارت بىلەن مۇنازىرىلەشمەكچى بولدى، ئەمما ستېۋارت ستۇدىيەدىكى كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئالدىدىلا ئۇنى بىتچىت قىلىۋەتتى. بۇ ۋەقە پروگراممىنىڭ تاقىلىپ قېلىشىغا ۋە توكېرنىڭ CNN دىن ئايرىلىشىغا سەۋەب بولدى.

مېنىڭچە، بۇ ئۇنىڭ ھاياتى ۋە كەسپىي مۇساپىسىدىكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. چۈنكى ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ۋاشىنگتون سىياسىي ۋە تاراتقۇ يۇقىرى قاتلىمىنىڭ ئابرۇيلۇق بىر ئەزاسى ئىدى. ئويلىشىمچە، ئۇ شۇ دۇنيادىكى دوستلىرىنىڭ ئۆزى ئارزۇ قىلغاندەك يارەمگە كەلمىگەنلىكىنى ۋە ئۆزىنى قوللىمىغانلىقىنى ھېس قىلغان. شۇڭا يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا خەلقچىللىق (پوپۇلىزم) خاھىشى باش كۆتۈرۈپ، ۋاشىنگتوندىكىلەرگە ۋە كونا تاراتقۇلارغا ھەقىقىي تۈردە قارشى تۇرۇشقا باشلىغاندا، ئاشۇ دەقىقىنى ئەسلىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ شۇ كىشىلەرگە بولغان ئاچچىقى ۋە نەپرىتى دەل ئاشۇ چاغدا پارتىلىغان.

كارلسوننىڭ 2010-يىلى كونسېرۋاتىپ تور بېكىتى «دېيلى كاللېر»نى (The Daily Caller) قۇرۇشى

ئۇ «دېيلى كاللېر» تور بېتىنى قۇرغاندا، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا بۇ بېكەت «خافىڭتون پوست» (Huffington Post) بىلەن «نيۇ يورك تەيمىس» نىڭ بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقان ئوڭچىل بىر نۇسخا بولماقچى ئىدى. ئۇ بۇ تور بېتىنىڭ پاكىتقا ئاساسلىنىدىغان، چوڭقۇر تەكشۈرۈلگەن خەۋەرلەرنى بېرىدىغان بىر سۇپا بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان. ئۇنىڭدا كونسېرۋاتىپ تاراتقۇلارغا نىسبەتەن شۇنداق بىر تەنقىد بار ئىدى: «كونسېرۋاتىپلار خەۋەر تەكشۈرمەيدۇ، پەقەت قۇرۇق پىكىر بايان قىلىدۇ. بىز خەۋەرچىلىككە، پاكىت تەمىنلەشكە قايتىشىمىز، خەۋەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.» بۇ ئۇنىڭ «كاللېر» ھەققىدىكى نىشانى ئىدى. ئەمما، بىر نەچچە ئايدىن كېيىن تور بېكەتنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتىگە قاراپ، ئۇ بۇنداق كونسېرۋاتىپ نەشرىياتنىڭ كۆرۈرمەنلىرى يوقلىقىنى ھېس قىلدى-دە، يۆنىلىشىنى دەرھال ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاشقۇن مەزمۇنلارغا قاراپ يۈزلەندى.

«مېنىڭچە ئۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئەڭ كۆپ تارتىۋاتقان، تور ئېقىمى ۋە چېكىلىش نىسبىتى يۇقىرى بولغان خەۋەرلەرنىڭ كۆچمەنلىك ۋە جىنس مەسىلىلىرىگە چېتىلىدىغانلىقىنى بارغانسېرى ئېنىق ھېس قىلدى ۋە شۇ يۆنىلىشكە پۈتۈنلەي مايىل بولدى. ئاخىرىدا ئۇ ئۆزىنى ئەينى ۋاقىتتا ستېۋ بانون باشقۇرۇۋاتقان «برېيتبارت» (Breitbart) تور بېكىتى بىلەن رىقابەتلىشىۋاتقان ھالەتتە كۆردى. بۇ ئەمەلىيەتتە، قارا تەنلىكلەرنىڭ ئاق تەنلىكلەرگە قارشى سادىر قىلغان جىنايەتلىرى ياكى كۆچمەنلەر جىنايىتى قاتارلىق تېمىلاردا كىمنىڭ تېخىمۇ قۇتراتقۇلۇق ۋە كۈشكۈرتۈش خاراكتېرلىك خەۋەرلەرنى

يازالايدىغانلىقى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان «ئەڭ تۆۋەن چەككىچە رىقابەتلىشىش» مۇسابىقىسى ئىدى. ئۇ بۇنداق مەزمۇنلارنىڭ چوقۇم بىر كۆرۈرمەنلەر توپى بارلىقىنى كۆرۈپ يەتتى.

### كارلسوننىڭ فوكس تېلېۋىزىيەسىدە ئۆسۈشى ھەققىدە

ئۇ دەسلەپتە فوكس تېلېۋىزىيەسىدە نەزەردىن ساقىت قىلىنغان، ئانچە مۇھىم بولمىغان بىر شەخس ئىدى. ئۇ يەردە بىل ئورېيلى (Bill O'Reilly) ۋە شان ھاننىتى (Sean Hannity) غا ئوخشاش چوڭ چولپانلار بار ئىدى. توكېر بولسا پەقەت تېلېۋىزىيە تەجرىبىسى بار بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەپتە ئاخىرىدىكى «فوكس ۋە دوستلار» پروگراممىسىغا چىقىرىپ قويىدىغان ئادەتتىكى بىر خادىم ئىدى. ئۇ كونسېرۋاتىپ بولغاچقا، پارتىيە لىنىيەسىدىن چەتنەپ كېتىدىغان گەپلەرنى ھەرگىز قىلمايتتى. شۇڭا ئۇ پەقەت كىچىك بىر رولچى سۈپىتىدىلا كۆرۈلەتتى.

ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي پروگراممىسىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ ترامپنىڭ پىرىزىدېنتلىق نامزاتلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ كەسپىي ھاياتىنى قايتا تىرىلدۈرەلىدى. ترامپ ئوتتۇرىغا چىققاندا، فوكس تېلېۋىزىيەسىدىكى ئاشۇ ئابرۇيلۇق پروگراممىلار تېلېۋىزىيەچىلىكتىكى بىر توپ مەسىلىگە دۇچ كەلدى. ئۇلار ئۆز پروگراممىلىرىغا چىقىپ، دونالد ترامپنى ئەقىلگە مۇۋاپىق شەكىلدە ياقلايدىغان، ئېكرانغا ماس كېلىدىغان، زەكىي بىرەرسىنى تاپالمىدى. توكېر دەل مۇشۇ خىزمەتنى قىلالايدىغان ئادەم ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئېكران ۋاقتى بارغانسېرى كۆپەيدى. ترامپنىڭ نامزاتلىق يۈرۈشى تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەپ، ئۇنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ نامزاتى بولىدىغانلىقى ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، سايلام پائالىيىتىنىڭ ئاخىرىدا، فوكس خەۋەرلىرىنىڭ باش ئىجراچىسى روجېر ئايلېس جىنسىي پاراكەندىچىلىك سەتچىلىكى سەۋەبىدىن ئىشتىن بوشىتىلدى. ئەمدى تورنى روبېرت مۇردوك باشقۇرۇۋاتاتتى. مۇردوكنىڭ تۇنجى چوڭ قەدىمى توكېرنى تاللاپ، كەچ سائەت يەتتىدىكى ئالتۇن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئۆز پروگراممىسىنى بېرىش بولدى.

**ئىنگلىزچىدىن ئۇ. ئالماس تەرجىمىسى**

https://www.vpm.org/npr-news/npr-news/2026-01-27/how-did-tucker-carlson-become-one-of-the-far-rights-most-influential-voices?__cf_chl_f_tk=jex1DEAp_S6zoFesvSqcZFsI2makxhI8lAncO1h3pyM-1783371147-1.0.1.1-GZsTufQsbkULjiLDCaCojp6JrnZBxeUfczgVimNe7TU


كۆڭۈل ۋە تەن
ئوڭ ۋە سول مېڭەنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى
كېندرا چېررى

# سول مېڭىنىڭ ۋە ئوڭ مېڭەنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

كېندرا چېررى

(«پسىخولوگىيە قامۇسى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى)

تىببىي جەھەتتىن قايتا كۆرۈپ چىققۇچى:

دوكتۇر ستېۋېن گەنس

**مۇھىم نۇقتىلار**

— «سول مېڭە» ۋە «ئوڭ مېڭە» نەزەرىيىسى بىر ئەپسانە. چۈنكى مېڭىنىڭ ئىككىلا تەرىپى كۆپىنچە پائالىيەتلەرنى بىرلىكتە ئېلىپ بارىدۇ.

— دائىملىق چېنىقىش ۋە ئەقلىي پائالىيەتلەر مېڭىنىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇرالايدۇ.

— ساغلام يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى ۋە يېتەرلىك ئۇيقۇ مېڭە ئىقتىدارى ۋە ساغلاملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

«سول مېڭە» ۋە «ئوڭ مېڭە» نەزەرىيىسىدە «سول مېڭىسىنى كۆپرەك ئىشلىتىدىغانلار تىلغا باي، مەنتىقىلىق ئويلايدۇ. ئوڭ مېڭىسىنى كۆپرەك ئىشلىتىدىغانلار ئىجادچان ۋە ھېسسىياتقا باي كېلىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، مېڭىنىڭ قىسمەن رايونلىرىنىڭ ئالاھىدە فۇنكسىيىسى بولسىمۇ، مېڭىنىڭ بىر تەرىپىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قارىغاندا ئالاھىدە ئۈستۈن بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق دەلىل يوق، ھەممە ھەر قانداق ۋەزىپىنى تاماملاشقا مېڭىنىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپى ئورتاق قاتنىشىدۇ، پەقەت بىر تەرىپى ئەمەس.

**«سول مېڭە» ۋە «ئوڭ مېڭە» ئەپسانىسى**

سىز باشقىلارنىڭ ئۆزىنى «سول مېڭىلىك» ياكى «ئوڭ مېڭىلىك» دەپ ئاتىغانلىقىنى ئاڭلاپ باققانمىدىڭىز؟ مەيلى كىتابلاردا ياكى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا بولسۇن بۇنداق سۆزلەرنى نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بەلكىم ئۆزىڭىزنىڭ «ئوڭ مېڭىلىك» ياكى «سول مېڭىلىك» ئىكەنلىكىڭىزنى ئېنىقلاش ئۈچۈن تورلاردىكى سىناقلارغا قاتناشقان بولۇشىڭىزمۇ مۇمكىن.

سول مېڭە ۋە ئوڭ مېڭە نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، چوڭ مېڭىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى ئوخشىمىغان تەپەككۇرنى كونترول قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەر بىر خىل تەپەككۇرنى يەنە بىر خىل تەپەككۇردىن ئۈستۈن كۆرىدۇ دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن:

— سول مېڭىسىنى كۆپرەك ئىشلىتىدىغان كىشىلەر مەنتىقىلىق ئويلايدىغان، تەھلىلچى ۋە ئوبيېكتىپ كېلىدۇ.

— ئوڭ مېڭىسىنى كۆپرەك ئىشلىتىدىغان كىشىلەر بولسا تېخىمۇ سەزگۈر، ئويچان ۋە سۇبيېكتىپ كېلىدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، «سول مېڭىلىك» ياكى «ئوڭ مېڭىلىك» ئۇقۇمىنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ نەزەرىيىنىڭ مېڭە ھەققىدىكى نۇرغۇن نەزىرىيىلەر ئىچىدىكى بىرى ئىكەنلىكىنى بايقىغىنىڭىزدا ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن.

دوكتور راچېل گولدمەن (Rachel Goldman) مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلىك تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرگە ئوخشاش، ئۇ پەقەتلا قارا ياكى ئاق، ياكى ئۇ ياكى بۇ مەسىلىسى ئەمەس. مېڭىنىڭ قايسى تەرىپىنىڭ ئاساسلىق ئويلىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر ئىككىلا تەرىپى تەپەككۇرغە تەڭ قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەك.»

كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنىڭ «ئۈستۈنلۈك» تەرىپى بار دېگەن قاراش مەڭگۈلۈك ئەپسانە. خۇددى سەنئەتكارلار كۆپىنچە ئوڭ مېڭىلىك، ماتېماتىكلار بولسا سول مېڭىلىك دەپ تەسۋىرلەنگىنىگە ئوخشاش.

ئەمەلىيەتتە، مېڭىنىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپى مەيلى ئىجادىي ئويلاش ياكى ئانالىز قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. گەرچە بەزى فونكسىيىلەر مېڭىنىڭ بىر تەرىپى بىلەن تېخىمۇ كۈچلۈك مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ. مەسىلەن، كىشىلەرنىڭ تىل جەھەتتىكى قابىلىيىتى كۆپىنچە سول مېڭىنى كۆپرەك ئىشلىتىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ مېڭىنىڭ بىر تەرىپى ئارقىلىق بەلگىلىنىدىغان بىرلا خىل تەپەككۇر ئۇسلۇبى ياكى خاراكتېر تىپىنى

بىلدۇرمەيدۇ.

**«سول مېڭە» ۋە «ئوڭ مېڭە» نىڭ ئالاھىدىلىكلىرى**

سول مېڭىسى بىلەن تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ماتېماتىكا ۋە مەنتىقىلىق ئويلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئوڭ مېڭىسى بىلەن تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىجادچانلىقى يۇقىرى دەپ قارىلىدۇ. تۆۋەندە مېڭىنىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپىنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

**سول مېڭىسى بىلەن تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى**

ئىنسانلارنىڭ سول مېڭىسى بەزى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا ماھىر. سول مېڭىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

تىل

مەنتىقىلىق ئويلاش

تەنقىدىي ئويلاش

سانلار

پەرەز

«سول مېڭىلىك» كىشىلەر قانداق بولىدۇ؟ ئۇلار مەنتىقىلىق ئويلاشقا، تەھلىل قىلىشقا ۋە ئىشلارنى تەرتىپلىك بېجىرىشكە ماھىر دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ نەزەرىيەدە سول مېڭىلىك كىشىلەرنىڭ لىنىيىلىك ئويلاش، ماتېماتىكا ۋە تىل ئۇچۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماس كېلىدىغانلىقى تەۋسىيە قىلىنغان، يەنى بوغالتىر، پەن-تېخنىكا خادىملىرى ياكى كومپيۇتېر پروگراممىچى دېگەندەك.

ئوڭ مېڭىسى بىلەن تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

ئوك مېڭىسى بىلەن تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەر ئىپادىلەش ۋە ئىجادىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا ماھىر دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ نەزەرىيە ئوڭ مېڭىلىك كىشىلەرنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئالاھىدىلىكى بولىدۇ:

چىراي تونۇش

ھېسسىيات ئىپادىلەش

مۇزىكا ئىجاد قىلىش

كەيپىياتنى چۈشەندۈرۈش

رەڭلەرنى پەرقلەندۈرۈش

تەسەۋۋۇر قىلىش

سەزگۈرلۈك

ئىجادچانلىق

ئۇنداقتا «ئوڭ مېڭىلىك» كىشىلەر قانداق بولىدۇ؟ ئۇلار كۆپىنچە ھېسسىياتچان، سەزگۈر ۋە ئىجادچان دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىجادىي ئىپادىلەش ۋە ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماس كېلىدىغانلىقى تەۋسىيە قىلىنىغان. يەنى رەسساملىق، پسىخولوگ ياكى يازغۇچى دېگەندەك.

**بۇ نەزەرىيەنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى**

نۇرغۇن ئالقىشقا ئېرىشكەن پسىخولوگىيە سەپسەتىلىرىگە ئوخشاش، گەرچە بۇ سەپسەتىمۇ ئىنسان

مېڭىسىنى كۆزىتىشتىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما كېيىن زور دەرىجىدە بۇرمىلانغان ۋە مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن.

كىشىلەرنىڭ «سول مېڭىلىك» ياكى «ئوڭ مېڭىلىك» ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قاراش مېڭىنىڭ يان يۆنىلىشى دەپ ئاتىلىدىغان ھەقىقىي نېرۋا ئىلمى ئۇقۇمىدىن كېلىپ چىققان. بۇ بەزى ئىقتىدارلارنىڭ مېڭىنىڭ بىر تەرەپ يېرىم شارچىسىغا كۆپرەك تايىنىش مايىللىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«سول مېڭە» ۋە «ئوڭ مېڭە» نەزەرىيىسىنى 1981-يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن روگېر ۋ. سپېررى (Roger W. Sperry) ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنىڭ كورپۇس كاللوسۇملۇق (Corpus Callosum) داۋالىنىش جەريانىنى، يەنى مېڭىنىڭ ئىككى يېرىم شارچىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان قۇرۇلمىنى ئوپېراتسىيە ئارقىلىق كېسىپ تاشلاش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان.

قانداقلا بولمىسۇن، مېڭىنىڭ ئىككى تەرىپىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئالاقە يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغاندىن كېيىنمۇ بىمارلاردا باشقا ئالامەتلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغان. مەسىلەن، نۇرغۇن بىمارلار ئوڭ مېڭىسى بىلەن بىر تەرەپ قىلغان نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما سول مېڭىسى بىلەن بىر تەرەپ قىلغان نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلىگەن. بۇ ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، سپېررى تىلنىڭ سول مېڭە تەرىپىدىن كونترول قىلىدىغانلىقى نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، سول مېڭە تىل، ئىپادىلەش ۋە مەنتىقىلىق ئويلاشقا، ئوڭ مېڭە بولسا بوشلۇق ئۇچۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە كۆرۈش چۈشىنىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا مايىل.

### مېڭە فۇنكسىيىسىنىڭ يان يۆنىلىشلىكى توغرىسىدا تەتقىقاتلار

يېقىنقى تەتقىقاتلار ئىنسان مېڭىسىنىڭ ئىلگىرىكى نەزەرىيەلەردە دېيىلگەندەك ئىككى يېرىم شارغا بۆلۈنمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، تەتقىقاتلاردا كىشىلەرنىڭ ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش قابىلىيىتىنىڭ — مېڭىنىڭ ئىككىلا تەرىپى تەڭ ئىشلىگەندە ئەڭ كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان.

تەتقىقاتچىلار مېڭىنىڭ ئىككى يېرىم شارچىسىنىڭ فۇنكسىيىسى توغرىسىدىكى مۇھىم بايقاشلارنى

ئوتتۇرىغا قويغان:

كۆپىنچە ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىشقا مېڭىنىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپى ئورتاق قاتنىشىدۇ. ھەتتا تىل ياكى بوشلۇق تەپەككۇرى قاتارلىق مېڭىنىڭ بىر تەرىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرمۇ مېڭىنىڭ ئىككى تەرىپىنى قاپلىغان تورلارغا تايىنىدۇ.

مېڭىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى ئۈزلۈكسىز ئالاقە قىلىدۇ. سول ۋە ئوڭ مېڭە كاللوسۇم (مېڭىنىڭ سول ۋە ئوڭ يېرىم شارلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان نېرۋا تالالىرى توپى) ئارقىلىق ئۇچۇر ئالماشتۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ ۋەزىپىلەرنى ماسلاشتۇرۇشىغا شارائىت ھازىرلايدۇ.

كىشىلەردە كۆرۈنەرلىك مېڭە تىپى ئېپادىلەنمەيدۇ. تەتقىقاتچىلار يۇتا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېلىپ بارغان، 1000 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان بىر تەتقىقاتتا، ئۇلارنىڭ مېڭىسىنىڭ بىر تەرەپىنى يەنە بىر تەرىپىگە قارىغاندا بەكرەك ئىشلىتىشنى ئەۋزەل كۆرىدىغان-كۆرمەيدىغانلىقى ئانالىز قىلىنغان.

تەتقىقاتتا، مېڭىنىڭ بىر تەرىپىنىڭ پائالىيىتى بەزى مۇھىم ساھەلەردە يۇقىرى بولسىمۇ، ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن مېڭىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىنىڭ پائالىيىتى ئاساسەن ئوخشاش ئىكەنلىكى ئاشكارىلانغان.

باش تەتقىقاتچى دوكتور جېف ئاندېرسون (Dr Jeff Anderson) مۇنداق دەپ چۈشەندۈرىدۇ: «مېڭىنىڭ بەزى فۇنكسىيىلىرى مېڭىنىڭ بىر تەرىپىدە يۈز بېرىدىغانلىقى پۈتۈنلەي توغرا. تىل ئادەتتە سول تەرەپتە، دىققەت كۆپرەك ئوڭ تەرەپتە بولىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، كىشىلەر چوقۇم سول ياكى ئوڭ مېڭىلىك دەپ ئېنىق ئايرىلمايدۇ. بۇ مېڭىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدىكى باغلىنىش بىلەن بەلگىلىنىدۇ.»

شۇڭا، كىشىلەر كۆپىنچە «ئوڭ مېڭىلىك» ياكى «سول مېڭىلىك» دەپ تەسۋىرلەنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەر ئىككىسىنىڭ بىرىكمىسى.

## نېمىشقا بۇ خىل سەپسەتە داۋاملىشىدۇ

تەتقىقاتچىلار «سول مېڭە» ۋە «ئوڭ مېڭە» نەزەرىيىسىنىڭ ئەپسانە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ داۋاملىق ئالقىشقا ئېرىشىشى يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇ نەزەرىيەنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىدىن بولۇشى، ھەمدە بۇ نەزەرىيەنىڭ ئاممىباب كۇلتۇر ئىچىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكىدىن بولۇشى مۇمكىن.

ژۇرنال ماقالىلىرىدىن تارتىپ كىتابلارغىچە، ھەممە توردا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سىناقلارغىچە، مېڭىنىڭ قايسى تەرىپى كۈچلۈك ياكى ئۇستۇنلۇكنى ئېنىقلىغەنلىكىنى بىلىش ئارقىلىق مېڭىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق ئاچقىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى ھەممىلا يەردە ئۇچرىتىسىز.

كۆنىمىزدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ نەزەرىيەنى تەتقىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشى، تارىخىي قىزىقىش نۇقتىسىدىن، يەنى تەتقىقاتچىلارنىڭ چوڭ مېڭىنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمىنى تەتقىق قىلىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مېڭىنىڭ ئىقتىدارىغا بولغان چۈشەنچىمىزنىڭ قانداق تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە ئۆزگەرگەنلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن.

گەرچە ئاممىباپ پسىخولوگىيە ۋە بەزى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش قوللانمىلىرىدا بۇ نەزەرىيەنى ئارتۇقچە ئومۇملاشتۇرغان ۋە مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىمىزنىڭ قايسى ساھەدە ئارتۇقچىلىقىمىز ۋە قايسى ساھەدە ئاجىزلىقىمىزنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىش تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى تېپىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

مەسىلەن، ئېغىزچە كۆرسەتمىلەرنى چۈشىنىشتە قىينىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار (كۆپىنچە ئوڭ مېڭىلىك بولۇشى مۇمكىن) يازمىچە كۆرسەتمىلەردىن، ھەممە تېخىمۇ ياخشى تەشكىللەش ماھارىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن پايدىلىنىشى مۇمكىن.

كلىنىكىلىق داۋالاش پسىخولوگى، دوكتور راچېل گولدمەن ئۆزىمىزنىڭ ئۆزگىچە كۈچلۈك تەرەپلىرىمىز ھەققىدە، ھەممە قايسى جەھەتلەردە كۈچەيتىش ياكى ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشىمىز ھەققىدە ئويلىنىشقا ۋاقىت ئاجرىتىشىمىزنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مېڭە ساغلاملىقىنى ياخشىلاش بارچە ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق. ئەمما ئالدى بىلەن قايسى ئۇسۇلنىڭ پايدىلىق، قايسى ئۇسۇلنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، ھەممە قايسى ساھەلەرنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ئۆز ئىقتىدارىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئېنىقلىشىمىز كېرەك.»

«خۇش خەۋەر شۇكى، بىز مېڭە ساغلاملىقىمىزنى ياخشىلىيالايمىز. كۈچلۈك تەرەپلىرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق يېڭىچە تەپەككۇر ۋە خىزمەت ئۇسۇللىرىنى يارىتالايمىز. بۇنىڭدىكى مۇھىم ھالقا توغرا ئۇسۇلنى تېپىش ۋە ئۈزلۈكسىز مەشىق قىلىش» دەيدۇ ئۇ داۋاملاشتۇرۇپ.

مۇبادا سىز تورلاردىكى تۈرلۈك «سول مېڭە» ياكى «ئوڭ مېڭە» سىناقلىرىغا قاتناشقان بولسىڭىز، ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، بۇنىڭ پەقەت كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنلا بولغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،

نەتىجىسىگە ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەڭ.

## قانداق قىلغاندا مېڭىنى تېخىمۇ ساغلام قىلغىلى بولىدۇ

مەيلى سىز ئۆزىڭىزنى ئىجادچان ياكى تەھلىلچى دەپ قارىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئەقلىڭىزنى ئۆتكۈر ۋە مېڭىڭىزنى ساغلام تۇتۇش ئۈچۈن بەزى ئىشلارنى قىلىشىڭىز كېرەك.

قەرەللىك بەدەن چېنىقتۇرۇش. تەتقىقاتلاردا، قەرەللىك بەدەن چېنىقتۇرۇشنىڭ ئەقىل ۋە مېڭە ساغلاملىقىنى قوغداشتىكى رولىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكى بايقالغان.

ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش. تەتقىقاتلاردا ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، يەنى ئاكادېمىك قاتارلىق كىشىلەرنىڭ مېڭە ساغلاملىقى ناھايىتى ياخشى بولىدىغانلىقى بايقالغان.

ئىجتىمائىي ئالاقە. ئىجتىمائىي ئالاقە پسىخىكىلىق ساغلاملىق ئۈچۈن مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكىم مېڭە ساغلاملىقى ئۈچۈنمۇ مۇھىم. بولۇپمۇ ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ شۇنداق.

ساغلام ئوزۇقلىنىش. يېمەك-ئىچمىكىڭىز مېڭىڭىزنىڭ ساغلاملىقى ۋە ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مېۋە-چېۋە، كۆكتات، ئاقسىل، ساغلام ياغ ۋە مۇرەككەپ كاربون سۇ بىرىكمىلىرى مول بولغان يېمەكلىكلەر بىلەن تەڭپۇڭ ئوزۇقلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىڭ.

يېتەرلىك ئارام ئېلىش. يېتەرلىك ئۇخلاش مېڭە ساغلاملىقى ۋە ئەقلىي ئىقتىدار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا ھەر كۈنى كەچتە يېتەرلىك ئارام ئېلىشقا، ساغلام ئۇيقۇ ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ۋە تەرتىپلىك ئۇيقۇ ۋاقتىنى ساقلاشقا دىققەت قىلىڭ.

قانداق ئوي-پىكىر بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، مېڭىڭىزنىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپى بۇنىڭغا قاتنىشىدۇ. سول مېڭە ياكى ئوڭ مېڭە نەزەرىيەسى پۈتۈنلەي توغرا بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما بۇ ئۆزىمىزنىڭ كۈچلۈك تەرەپلىرىمىزنى چۈشىنىشىمىزگە پايدىلىق. بۇنىڭدىن باشقا قەرەللىك چېنىقىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يېتەرلىك ئۇيقۇغا كاپالەتلىك قىلىش، ئىجتىمائىي ئالاقىنى ساقلاش ۋە ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق مېڭىڭىزنىڭ ساغلاملىقىنى قوغدىيالايسىز.

**ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى**

https://www.verywellmind.com/left-brain-vs-right-brain-2795005



# ئويۇن نەزەرىيەسى دېگەن نېمە؟

# ئويۇن نەزەرىيەسى دېگەن نېمە؟

ئويۇن نەزەرىيەسى ماتېماتىكىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ قانداق قارار چىقىرىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئۇ قارارلارنى ماتېماتىكىلىق مودېللار بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇش ئارقىلىق ئويۇن نەزەرىيەسى توغرىسىدىكى، ئۇنىڭغا ئائىت مەسىلىلار ۋە ئۇنىڭ قانۇن، ئىقتىساد، يۇمشاق دېتال ۋە باشقا ساھەلەردىكى قوللىنىلىشى ھەققىدىكى تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشەلەيسىز.

ئويۇن نەزرەيەسى كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئەھۋاللاردا ئىشلىتىدىغان ئىستراتېگىيەلىرىنى ۋە بارلىق قاتناشقۇچىلارنىڭ تاللىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئېھتىماللىق نەتىجىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قارار چىقىرىش جەريانلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ نەزەرىيەنىڭ تارىخى جوناتان فون نېيمەن (Jonathan von Neumann) ۋە ئوسكار مورگېنستېرنىنىڭ (Oskar Morgenstern) خىزمەتلىرىگە تۇتىشىدۇ. ئۇلار 1944 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئويۇن نەزەرىيەسى ۋە ئىقتىسادىي ھەرىكەت» ناملىق كىتابىدا ئىقتىسادنى ئويۇن ئويناش جەريانى بىلەن سېلىشتۇرغان.

تۇرمۇشتىكى رېئال مەسىلىلەردىن ئادەتتە بىز ئويناپدىغان «تاش ـ قايچا ـ قەغەز» ئويۇنلىرىدا، ياكى شاھمات، پوكېر قاتارلىق كۈندىلىك ئويۇنلاردا قوللىنىدىغان ئىستراتېگىيەلەرنى كۆرستىشكە بولىدۇ. ئەمما بىز يەنە ئويۇن نەزەرىيەسىدىن پايدىلىنىپ سىياسەت، پاي چېكى بازىرى ۋە ئىقتىساد قاتارلىق تېخىمۇ مۇرەككەپ رېئال مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلالايمىز.

ئويۇن نەزەرىيەسىنى چۈشىنىش سىزنىڭ ۋە ئەتراپىڭىزدىكىلەرنىڭ قانداق قارار چىقىرىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ، شۇنداقلا نۇرغۇن جەھەتلەردە سۆھبەتلىشىش (سودىلىشىش) ماھارىتىڭىزنى ئۆستۈرۈشى مۇمكىن.

«گۈزەل ئەقىل»گە (A Beautiful Mind) ئوخشاش كىنولار ئارقىلىق كەڭ تونۇلغان ئويۇن نەزەرىيەسى — ئەقىلگە مۇۋاپىق (ۋە بەزىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان) سۇبيېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئۆزئارا تەسىرنى ماتېماتىكىلىق مودېلغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئويۇن نەزەرىيەسىدىكى ئويۇن تۈرلىرى

تەتقىقاتچىلار ئويۇن نەزەرىيەسىنى قاتناشقۇچىلار قوللانغان ئىستراتېگىيەلەر ۋە قارار چىقىرىش جەريانىدا ئۇلار ئېرىشەلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىيدۇ. ئويۇن نەزەرىيەسى ئومۇمىي جەھەتتىن كلاسسىك، كومبىناتورىك ۋە دىنامىكىلىق دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ سېلىشتۇرمىسى تۆۋەندىكىچە:

كلاسسىك ئويۇنلار.

بارلىق قاتناشقۇچىلار باشقا قاتناشقۇچىلار چىقارغان قارارلارنى بىلىدۇ، ھەمدە بۇ قارارلار بارلىق قاتناشقۇچىلارغا نىسبەتەن ئوخشاش بولمىغان نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

كومبىناتورىك ئويۇنلار.

ئىككى كىشىلىك ئويۇن بولۇپ، قاتناشقۇچىلار نۆۋەت بىلەن قارار چىقىرىدۇ. ھەر بىر قارار كېيىنكى قەدەمگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

دىنامىكىلىق ئويۇنلار.

ۋاقىتقا ئەگىشىپ قارار چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئويۇنلار بولۇپ، ھەر بىر قارار ئاخىرىدا كېيىنكى قارارلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇ چوڭ تۈرلەر ئىچىدە ئويۇن نەزەرىيەسىگە ئائىت نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ ئويۇنلار قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى، قاتناشقۇچىلارنىڭ قارارلىرىدىن خەۋەردار بولۇش دەرىجىسى ۋە قاتناشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا تەلەپ قىلىنىدىغان ھەمكارلىق دەرىجىسى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

**ھەمكارلىق ئاساسىدىكى ئويۇنلار ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدا بولمىغان ئويۇنلار**

ھەمكارلىق ئاساسىدىكى ئويۇنلاردا قاتناشقۇچىلار ئۆزئارا كېلىشىم تۈزەلەيدۇ ۋە ئورتاق ئىستراتېگىيەلەرنى يارىتالايدۇ. ھەمكارلىق ئاساسىدا بولمىغان ئويۇنلاردا بولسا، ئالاقىدار تەرەپلەر پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق نەتىجىگە ئېرىشىشنى ئاساس قىلىپ قارار چىقارغاندىلا، ئاندىن ئورتاق ئىستراتېگىيەنىڭ روياپقا چىقىرىشى مۇمكىن.

شاخماتقا ئوخشاش ئويۇنلار ھەمكارلىق ئاساسىدا بولمىغان ئويۇنلاردۇر. چۈنكى سىز ۋە رەقىبىڭىز

ئايرىم-ئايرىم ھالدا غەلىبە قىلىشنى مەقسەت قىلىسىز. ئەكسىچە، بىر قانچە قاتناشقۇچى ئورتاق دۈشمەننى يېڭىش ئۈچۈن بىرلىكتە كۈچ چىقىرىدىغان كۆپ كىشىلىك سىنلىق ئويۇنلار ھەمكارلىق ئاساسىدىكى ئويۇنلارغا كىرىدۇ. چۈنكى بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغان گۇرۇپپىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقى يالغۇز ھەرىكەت قىلغۇچىلارغا قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ.

### مۇكەممەل ئۇچۇرلۇق ۋە غەيرى مۇكەممەل ئۇچۇرلۇق ئويۇنلار

بەزى ئويۇنلاردا قاتناشقۇچىلار «مۇكەممەل ئۇچۇر»غا ئىگە بولىدۇ. يەنى ھەر بىر قاتناشقۇچى ئىلگىرى چىقىرىلغان قارارلارنى تولۇق بىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار كەلگۈسىدىكى ھەر قانداق ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتىدىنمۇ تولۇق خەۋەردار بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغىنى «غەيرى مۇكەممەل ئۇچۇرلۇق» ئويۇنلاردۇر. بۇ خىل ئويۇنلاردا قاتناشقۇچىلار تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ ۋە ۋەزىيەتنى تولۇق چۈشەنمىگەن ھالەتتە قارار چىقىرىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

شاھمات (checkers) ئۇچۇرلۇق ئويۇنلارنىڭ تىپىك مىسالىدۇر، چۈنكى سىز ۋە رەقىبىڭىز تاختىدىكى بارلىق قەدەملەرنى ۋە ئالدىدىكى بارلىق ئېھتىماللىق قەدەملىرىنى بىلىسىز. نۇرغۇن قارتا ئويۇنلىرىدا بولسا ئۇچۇرلار مۇكەممەل بولمايدۇ. چۈنكى سىز پەقەت ئۆز قولىڭىزدىكى قارتالارنىلا بىلىسىز. رەقىبلىرىڭىزنىڭ كارتىسىنى بىلمىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن، كەلگۈسى قەدەملەرنىڭ ئاقىۋىتىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ يېتەلمەيسىز.

### تەڭ قەدەملىك ۋە نۆۋەتلىك ئويۇنلار

تەڭ قەدەملىك ئويۇندا، ھەر بىر قاتناشقۇچى بىرلا ۋاقىتتا ھەرىكەت قىلىدۇ. نۆۋەتلىك ئويۇندا بولسا، ھەرىكەتلەر ئارقىمۇ ئارقا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئويۇن جەريانىدىكى بۇنداق تەرتىپ پەرقى ھەر بىر قاتناشقۇچىنىڭ ئىستراتېگىيەسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى تەڭ قەدەملىك ئويۇندا، ئىككىلا تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلمەستىن ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. نۆۋەتلىك ئويۇندا بولسا، ئۇلار رەقىبىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن قارار چىقىرىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ.

شاھمات نۆۋەتلىك ئويۇننىڭ بىر تۈرى بولۇپ، قاتناشقۇچىلار نۆۋەت بىلەن ماڭىدۇ. بۇ جەرياندا سىز ئۆز قارارىڭىزنى چىقىرىشتىن بۇرۇن، رەقىبىڭىزنىڭ قارارىنى كۆزىتىشكە ۋاقىت تاپالايسىز. «تاش-قايچا-قەغەز»گە ئوخشاش ئويۇنلاردا بولسا، ئىككىڭلار تەڭ ھەرىكەت قىلىسىلەر ۋە رەقىبىڭلارنىڭ ئىستراتېگىيەسىدىن تامامەن خەۋەرسىز ھالدا چىقارغان قارارىڭلارنى بىرلا ۋاقىتتا ئاشكارىلايسىلەر.

## سىممېترىك ۋە غەيرىي سىممېترىك ئويۇنلار

سىممېترىك ئويۇنلار ھەر بىر قاتناشقۇچى ئۈچۈن ئوخشاش بولغان ئىستراتېگىيەلەردىن تەركىب تاپىدۇ. سىممېترىك ئويۇنلاردىكى قارارلار قاتناشقۇچىلارنىڭ كىملىكىگە ئەمەس، بەلكى ئىستراتېگىيەنىڭ ئۆزىگە باغلىق بولىدۇ. «مەھبۇسلار قىيىنچىلىقى» (Rand شىركىتىنىڭ دەسلەپكى ئويۇن نەزەرىيەسى تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر پەرەزلىك سىنارىيە) سىممېترىك ئويۇننىڭ كلاسسىك مىسالىدۇر. چۈنكى ئىككىلا قاتناشقۇچىنىڭ تاللاش پۇرسىتى ۋە ئېرىشىدىغان نەتىجىسى (پايدىسى) ئوخشاش بولىدۇ. سىلەر بىر-بىرىڭلار بىلەن ھەمكارلىشالايسىلەر ياكى بىر-بىرىڭلارغا خىيانەت قىلالايسىلەر. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىككىڭلارغا ئوتتۇراھال جازا بېرىلىشى، بىرىڭلارغا ئېغىر جازا كېلىپ يەنە بىرىڭلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشى، ياكى ھەر ئىككىڭلارغا ئېغىر جازا بېرىلىشى مۇمكىن.

يەنە بىر تەرەپتىن، غەيرى سىممېترىك ئويۇندا مەلۇم بىر ئىستراتېگىيە بىر قاتناشقۇچىغا مەنپەئەت ئەكىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر تەرەپكە زىيان تارتقۇزۇشى مۇمكىن. «تەڭگە جۈپلەش ئويۇنى» (ئويۇن نەزەرىيەسى تەتقىقاتىدا دائىم تىلغا ئېلىنىدۇ) غەيرى سىممېترىك ئويۇننىڭ بىر مىسالىدۇر. چۈنكى بىر قاتناشقۇچى پۇل ئۇتۇۋالسا، يەنە بىر تەرەپ ئۇتتۇرىدۇ. بۇ ئەھۋال ئىستراتېگىيەگە رىقابەت ئامىلىنى روياپقا چىقىرىدۇ.

## نۆل يىغىندىلىق ۋە نۆل بولمىغان يىغىندىلىق ئويۇنلار

نۆل يىغىندىلىق ئويۇندا (Zero-sum game) ئومۇمىي مەنبە مىقدارى ئۆزگەرمىگەن ھالەتتە، بىر قاتناشقۇچى مەنبەگە (بايلىققا) ئېرىشكەندە يەنە بىر قاتناشقۇچى مەنبەسىنى يوقىتىدۇ. كارت ئويۇنى بولغان پوكېر نۆل يىغىندىلىق ئويۇننىڭ تىپىك مىسالىدۇر. چۈنكى گەرچە ئۇتۇش ۋە ئۇتتۇرۇشقا ئەگىشىپ پۇل قولدىن-قولغا ئۆتۈپ تۇرسىمۇ، ئويۇن بېشىدا ۋە ئاخىرىدا پۇلنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ئوخشاش بولىدۇ. سىز پۇل ئۇتسىڭىز، رەقىبلىرىڭىز پۇل ئۇتتۇرىدۇ.

نۆل بولمىغان يىغىندىلىق ئويۇنلار (Non-zero sum games) رىقابەتسىزلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا قاتناشقۇچىلار كۆزلەنگەن نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزئارا ھەمكارلىشالايدۇ. سىز بىر دوستىڭىز بىلەن قايسى كىنونى كۆرۈشنى قارار قىلغاندا، سىلەر ئەمەلىيەتتە نۆل بولمىغان يىغىندىلىق ئويۇنغا قاتناشقان بولىسىلەر. چۈنكى گەرچە سىلەر بىرلىكتە دوستىڭىز بەكرەك ياقتۇرىدىغان كىنونى

كۆرۈشنى تاللىغان بولساڭلارمۇ، ئەمما بىرلىكتە ۋاقىت ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ نەتىجىدىن ھەر ئىككىڭلار مەنپەئەتكە ئېرىشىسلەر.

## ئويۇن نەزەرىيەسىگە ئائىت تۇرمۇشتىكى رېئال مىساللار قايسىلار؟

ئويۇن نەزەرىيەسىگە ئائىت مىساللارنى سودا دۇنياسىنىڭ ھەممە يېرىدە كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بىر شىركەتنىڭ ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ باھاسىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىشى رەقىبلىرىنى بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا ياكى خېرىدارلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىشكە مەجبۇرلايدۇ. ئويۇن نەزەرىيەسى يەنە سودا سۆھبەتلىرىگىمۇ ئالاقىدار بولۇپ، بۇ جەرياندا ئىككىلا تەرەپ ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق كېلىشىمگە ئېرىشىشكە تىرىشىدۇ.

## ئويۇن نەزەرىيەسى نېمە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؟

ئويۇن نەزەرىيەسىنى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى قارار چىقىرىدىغان نۇرغۇن ئەھۋاللارغا، جۈملىدىن ئېلانچىلىق، سايلامدا بېلەت تاشلاش ۋە مائاش سۆھبىتى قاتارلىقلارغا تەدبىقلاشقا بولىدۇ. تۆۋەندىكى تىزىملىكتە ئويۇن نەزەرىيەسىنىڭ قايسى ساھەلەرگە ئەسقاتىدىغانلىقى كۆرسىتىلدى.

بازار ھەرىكىتىنى ئانالىز قىلىش

سايلامدا بېلەت تاشلاش

رېستوران ياكى كۆڭۈل ئېچىش تۈرى باشقۇرۇش

ئېلان تەشۋىقاتى پىلانلاش

خىزمەت نامزاتلىرى بىلەن قوبۇل قىلىش سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش

مال ۋە مۇلازىمەتلەرگە باھا بېكىتىش

يول ئېغىزىدا يول بېرىش

## ئويۇن نەزەرىيەسىنى كىملەر ئىشلىتىدۇ؟

ئىقتىساد، سىياسەت، سودا ۋە قانۇن قاتارلىق ھەر خىل ساھەلەردىكى كىشىلەر ئويۇن نەزەرىيەسىدىن پايدىلىنىدۇ. بۇ ساھەلەردىكى ئويۇن نەزەرىيەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك كەسىپ ئىگىلىرىدىن ئىقتىسادشۇناسلار، سىياسەتچىلەر، سېتىش خادىملىرى، پارچە سېتىقچىلار، ئادۋوكاتلار، سۇغۇرتا زىيانلىرىنى باھالىغۇچىلار، ھەربىي خادىملار، كارخانا ئىگىلىرى، تور باشقۇرغۇچىلار ۋە يۇمشاق دېتال ئاچقۇچىلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

مەسىلەن، بىر ئىقتىسادشۇناس سىرتقى ئامىللارنىڭ بازارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئويۇن نەزەرىيەسىنى قوللىنىشى مۇمكىن. سىياسەتشۇناسلار بولسا سايلىغۇچىلارنىڭ قانداق بېلەت تاشلايدىغانلىقىنى ئانالىز قىلىش ۋە سايلام نەتىجىسىنى ئالدىن مۆلچەرلەش ئۈچۈن ئويۇن نەزەرىيەسىدىن پايدىلىنىدۇ. كارخانا ئىگىلىرى مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتلىرىنىڭ باھاسىنى بېكىتىشتە ئويۇن نەزەرىيەسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىشى مۇمكىن.

## ئويۇن نەزەرىيەسىنى قوللىنىشنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە كەمچىلىكلىرى

ئويۇن نەزەرىيەسى ئىستراتېگىيە ۋە قارارلارنى ئۈنۈملۈك ئانالىز قىلىپ، قارار چىقىرىش جەريانىنى ياخشىلاشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئويۇن نەزەرىيەسىنى مەلۇم بىر ۋەزىيەتكە تەدبىقلاش ئارقىلىق، بارلىق قاتناشقۇچىلار ئېرىشەلەيدىغان پايدا ۋە كەلتۈرەلەيدىغان ئىستراتېگىيەلەرنى ئەتراپلىق كۆزىتەلەيسىز. بۇ سىزنى توقۇنۇشلارغا باشقىچە نۇقتىدىن قاراش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق توقۇنۇشنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىپ، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلالايدىغان بىر نەتىجە ئۈستىدە ئىزدەنگىلى ۋە سۆھبەت ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا، ئويۇن نەزەرىيەسى سىزنى خەتەرنى تېخىمۇ ياخشى ئانالىز قىلىش ئۈچۈن، تۈرلۈك ئۆزگەرگۈچى مىقدارلارنىڭ ۋە تاسادىپىي ئامىللارنىڭ ۋەزىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئويلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، ئويۇن نەزەرىيەسىنىڭ ئۆزىگە خاس چەكلىمىلىرى بار. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى پەقەت مەلۇم ئەھۋاللاردىلا ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ. بىرلا ۋەزىيەتتە نەتىجىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان، بىر-بىرى بىلەن رىقابەتلىشىدىغان كۆپ خىل ئامىللار بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا نامەلۇم بولىدۇ. ئويۇن نەزەرىيەسىنى ئىشقا سالسىڭىز، سىز ھەتتا تاسادىپىي يۈز بەرگەن نەتىجىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئىجابىي نەتىجىلەرنى ئىستراتېگىيە دەپ ھېسابلاپ

قېلىشىڭىز مۇمكىن.

## ئويۇن نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىشنى قانداق باشلاش كېرەك؟

سىز تور مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ ئويۇن نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىشنى باشلىيالايسىز. بۇ مەنبەلەر ئارقىلىق ئويۇن نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنەلەيسىز. ئەگەر سىز رەسمىي مائارىپ مۇھىتىدا ئوقۇشنى خالىسىڭىز، ھىندىستاندىكى بەزى ئۇنىۋېرسىتېتلار ئويۇن نەزەرىيەسى بويىچە دەرسلەرنى بېرىدۇ. شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ تور دەرسلىرىنىمۇ تاپالايسىز.

ئويۇن نەزەرىيەسى ماتېماتىكىنىڭ بىر تارمىقى بولغانلىقى ئۈچۈن، ماتېماتىكا ساۋادىڭىزنى ئۆستۈرۈشنىمۇ تاللىسىڭىز بولىدۇ. ئېھتىماللىق نەزەرىيەسى، سىزىقلىق ئالگېبرا ۋە ستاتىستىكا قاتارلىق ماتېماتىكىلىق ئۇقۇملار ئويۇن نەزەرىيەسىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن ئەسقاتىدۇ.

### «Coursera» ئارقىلىق ئويۇن نەزەرىيەسىگە قەدەم قويۇڭ

ئويۇن نەزەرىيەسى نەتىجىلەرنى ئانالىز قىلىش ۋە قارارلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنى چۈشىنىش ئۈچۈن سىستېما بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىدىن تارتىپ سودا ۋە سىياسەتكىچە بولغان رېئال دۇنيادا نۇرغۇن قوللىنىلىش ساھەلىرى بار. ئويۇن نەزەرىيەسىنىڭ قوللىنىلىشى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ئېرىشىش ئۈچۈن، «Coursera» سۇپىسىدىكى ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئويۇن نەزەرىيەسى» دەرسىگە قاتنىشىشنى ئويلىشىپ كۆرۈڭ. بۇ دەرس تەركىبىدىكى سەككىز مودېل ئاساسلىق ئۇقۇملارنى، ئويۇن تۈرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيادا قانداق قوللىنىلىدىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

https://www.coursera.org/in/articles/game-theory




# دوپامىن ئايەتلىرى قىزغىنلىقنى ئۇرغۇتالايدۇ

نوما نازىش

# دوپامىن ئادەتلىرى قىزغىنلىقنى ئۈرغۈتالايدۇ

نوما نازىش

دوپامىن ئادەتلىرى — خۇددى پاۋلوۋنىڭ ئىتلىرىغا (Pavlov’s dogs) ئوخشاش مېڭىمىزنى قەستەن ئالداشتىن ئىبارەتتۇر. (پاۋلوۋنىڭ ئىتلىرى دېگەن سۆز 1890-يىللاردىكى رۇسىيىلىك فىزئولوگىيە ئالىمى ئىۋان پاۋلوۋ ئېلىپ بارغان داڭلىق تەجرىبىگە ئىشارەت قىلىنغان. بۇ تەجرىبىدە پاۋلوۋ ئىتلىرىغا يەم بېرىشتىن بۇرۇن قوڭغۇراق چېلىش ئارقىلىق ئاۋازنى يېمەكلىك بىلەن باغلىغان. شۇنىڭ بىلەن قوڭغۇراق چېلىنىشى بىلەنلا ئىتلارنىڭ شۆلگىيى ئېقىشقا باشلىغان.)

## مۇھىم نۇقتىلار

دوپامىننى لەڭگەرلەش (Dopamine anchoring) ئىجابىي تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ زېرىكىشلىك ياكى قىيىن ۋەزىپىلەرنى تېخىمۇ ئاسان، ھەتتا ھوزۇرلۇنۇپ تۇرۇپ ئورۇندايدىغان قىلىشتۇر.

ئۇ ئاڭلىق ۋە مۆتىدىل قوللىنىلغاندا ئەڭ ئۈنۈملۈك بولىدۇ. چۈنكى سىرتقى مۇكاپاتلاش شەكلىگە ئارتۇقچە تايىنىۋېلىش ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى خورىتىۋېتىدۇ. نەتىجىدە كىشىنى ئاسان چارچىتىپ قويىدۇ.

دوپامىننى لەڭگەرلەش ساغلام ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىشى مۇمكىن. ئەمما كەسپىي داۋالاشنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ، بولۇپمۇ ئېغىر روھىي ساغلاملىق مەسىلىلىرى كۆرۈلگەندە.

سىز ئەزەلدىن نىمشقا كىيىم-كېچەكلەرنى قاتلاش ياكى كۆكتاتلارنى ئاقلاش قاتارلىق ئادەتتىكى زېرىكىشلىك ئۆي ئىشلىرىنى ئۆزىڭىز ئەڭ ياقتۇرىدىغان پودكاست (podcast) نى ئاڭلىغاچ قىلىسىڭىز شۇنچە ئاسان تۈيۈلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باققانمۇ؟ بۇ دەل دوپامىننى لەڭگەرلەشنىڭ خىزمەت

قىلىۋاتقانلىقىدۇر.

## دوپامىننى لەڭگەرلەش (Dopamine Anchoring) دېگەن نېمە؟

ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى ئۇسۇلى سۇپىتىدە تىك-توكتا (TikTok) ئالقىشقا ئېرىشكەن دوپامىننى لەڭگەرلەش ئۇسۇلى ئەمەلىيەتتە كلاسسىك ئۇسۇلنىڭ زامانىۋى چۈشەندۈرۈلۈشى. بۇنداق قىلىشتىكى ئاساسلىق مەقسەت زېرىكىشلىك ياكى قىيىن تۇيۇلغان ۋەزىپىلەرنى ئۆزىڭىز ياقتۇرۇپ قىلىدىغان ئىشلار بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى تەدرىجى تۆۋەنلىتىشتىن ئىبارەت.

گەرچە بۇ ئاتالغۇ يېڭىدىن پەيدا بولغان، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئارقىلىق ئومۇملاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى نېرۋا ئىلمى نەزەرىيىسى يەنى مۇكاپات بىلەن غىدىقلاشنى بىرلەشتۈرۈپ ھەرىكەت شەكىللەندۈرۈش، ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان تەتقىق قىلىنىپ كەلمەكتە» دەيدۇ پسىخىكا دوختۇرى، دوكتور ئانوپىندېر ساين. (Dr Anoopinder Singh)

## دوپامىن ۋە مۇكاپاتلاشنىڭ ئىلمى ئاساسي

سىز بىرەر خۇشاللىنارلىق ئىشنى باشتىن كەچۈرگەندە ياكى ئويلىغاندا، مەسىلەن، بىر پارچە تورت يېيىش ياكى بىر مەقسىتىڭىزگە يېتىش دېگەندەك، مېڭىڭىزنىڭ مۇكاپاتلاش سىستېمىسى ئاكتىپلىشىدۇ-دە، ئاساسلىق نېرۋا ئۆتكۈزگۈچ ۋە ھورمون بولغان دوپامىننى قويۇپ بېرىدۇ.

دوپامىننىڭ كۆپلەپ قويۇپ بېرىلىشى سىزگە خۇشاللىق ۋە رازىمەنلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىپ، سىزنى يەنە بىر پارچە تورت يېيىش ياكى باشقا بىر نىشانغا قاراپ ئىشلەشكە ئۈندەيدۇ.

قىزىقارلىقى شۇكى، دوكتور ساينىڭ قارىشىچە، دوپامىننىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەسىرى مۇكاپات ئېلىشتىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا بولغان تەلپۈنۈشتىن كېلىدۇ. بۇ خۇددى چوڭ مۇسابىقە باشلىنىشتىن ياكى ئالدىڭىزدا كېلىۋاتقان تەتىلدىن بۇرۇنقى ھېس قىلىدىغان ھاياجانلىنىشقا ئوخشاش. «دوپامىن كۆپىنچە ياخشى كۆرۈشتىن كۆرە ئىستەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ بىزنى مۇكاپاتتىن پەيدا بولىدىغان

ھاياجانلىنىشنى ئىزدەشكە ئۈندەيدۇ» دەيدۇ، دوكتور سىلك چۈشەندۈرۈپ. دوپامىننى لەگگەرلەش دەل مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىدۇ.

## دوپامىننى لەگگەرلەش قانداق خىزمەت قىلىدۇ؟

ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، دوپامىننى لەگگەرلەش مېڭىنىڭ دوپامىن ۋە مۇكاپات سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ، زېرىكىشلىك ياكى يېقىمسىز دەپ قارالغان ۋەزىپىلەر بىلەن ئىجابىي مۇناسىۋەت ئورنىتالايدۇ.

«بۇنىڭدىكى مەقسەت دوپامىننىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى ئالاھىدە ئىشارەتلەرگە ياكى قىلمىشلارغا باغلاش، مەسىلەن، ئىمتىهانغا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا تاتلىق-تۈرۈملەرنى يېيىشكە ياكى كىتاب ئوقۇۋاتقاندا ياقتۇرىدىغان خۇشپۇراق شامنى ياندۇرۇشقا ئوخشاش» دەيدۇ دوكتور ساين.

بۇ باغلىنىشلار تەكرارلىنىۋەرگەندە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مېڭىمىز ئەمەلىي مۇكاپاتقا ئېرىشمەي تۇرۇپمۇ دوپامىن قويۇپ بېرىشكە باشلايدۇ. بۇ ئىشتىياقنى ئاشۇرىدۇ ۋە ۋەزىپىنىڭ ئۆزىنى مەنىلىك ھېس قىلدۇرىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ نيۇ-يورك شەھىرىدىكى پسىخولوگ دوكتور ھوللى شىف. (.Dr Holly Schiff) بۇ خۇددى پاۋلوۋنىڭ ئىتلىرىنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى بىلەن تەڭلا شۆلگىيىنىڭ ئېقىشقا باشلىغانلىقى بىلەن ئوخشاش.

## دوپامىننى لەگگەرلەش ۋە ئادەتلەرنى بىرىكتۈرۈش

ئادەتلەرنى بىرىكتۈرۈش — يېڭى ئادەت بىلەن مەۋجۇت ئادەتنى بىرلەشتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما دوپامىننى لەگگەرلەش بۇ ئۇقۇمنى كېڭەيتىپ ئىشارەت بىلەن قىلمىش ئارىسىغا مۇكاپات ئېلېمېنتىنى قوشىدۇ.

«سىز يېڭى ئادىتىڭىزنى خۇشال پەيتلىرىڭىزدە ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىشسىڭىز، بۇ رازىمەنلىك تۇيغۇسى مېڭىڭىزنى بۇ تەرتىپنى قايتا-قايتا تەكرارلاشقا ئۈندەيدۇ» دەيدۇ كەسپىي داۋالاش مۇتەخەسسىسى برىئانا پارۇئولو. (Brianna Paruolo)

## پسخولوگلار نېمە دەيدۇ؟

«مېنىڭ كلىنىكىلىق تەجرىبەمدىن قارىغاندا، بۇ تېخنىكا بولۇپمۇ كۆندىلىك تۇرمۇشنى تەرتىپكە سېلىش ياكى سۆرەلمىلىكنى يېڭىشتە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ دوكتور ساين.

دوپامىننى لەڭگەرلەشنىڭ ئارقىسىدىكى ئاساسىي پرىنسىپلار، مەسىلەن، كلاسسىك ماسلىشىش ۋە ئىجابىي كۈچەيتىش، ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇش ۋە ساغلام ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك قورالى ئىكەنلىكى تولۇق ئىسپاتلاندى، دەيدۇ بۇ تېخنىكىنى بىمارلىرىغا قوللىنىۋاتقان دوكتور شىن.

مىننېسوتا شتاتىدىكى مېدىتاسىيون يېتەكچىسى رېبېكا مورىس (Rebecca Morris) ئۈچۈن، دوپامىننى لەڭگەرلەش ھەقىقەتەن ئۈنۈم كۆرسەتكەن. يەنى قاچىلارنى يۇيۇشتەك زېرىكىشلىك ئىشنى قىزىقارلىق ۋە ئازادە ئىشقا ئايلاندۇرغان. «مەن دوپامىننى لەڭگەرلەشنى سىناپ كۆرۈشنى قارار قىلدىم ھەمدە كومپيۇتېرىمنى ئاشخانىغا ئەكىرىۋېلىپ ئۆزۈم ئەڭ ياقتۇرىدىغان پروگراممىلارنى ئاڭلىغاچ ئىش قىلدىم. بۇ ئۇسۇل ھەقىقەتەن ئۈنۈم بەردى. ئېرىم ھەتتا چاقچاق قىلىپ، بۇ ۋاقىتنىڭ مېنىڭ ’ئۆزۈمگىلا تەئەللۇق ۋاقىت‘ قا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ» دەيدۇ ئۇ.

شۇنداقتىمۇ، مۇتەخەسسىسلەر بۇنىڭ سېھىرلىك چارە ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا ئېغىر روھىي ساغلاملىق مەسىلىلىرىنى داۋالاشنىڭ ئورنىنى ئالالمايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ.

## دوپامىننى لەڭگەرلەشنىڭ پايدىسىز تەرەپلىرى

دوكتور شىن ۋە پارولو ھەر ئىككىسى ھەر قېتىم ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كەلگەندە دوپامىننى قوزغىتىش چارىلىرىنى قوللانماسلىقنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، چۈنكى تاشقى مۇكاپاتلارغا ئارتۇقچە تايىنىش ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى تۆۋەنلىتىۋېتىشى مۇمكىن.

«سىز ھەر بىر پائالىيەتنى خۇشاللىق ئۈچۈن مۇكاپات تەلەپ قىلىدىغان سودىغا ئايلاندۇرۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىسىز» دەيدۇ پارولو.

بۇنىڭدىن باشقا، مېڭىنىڭ مۇكاپات سىستېمىسىنى ھەددىدىن زىيادە ئەلالاشتۇرۇش، چارچاش، ئۆزلۈكسىز قوزغىتىشقا تايىنىش ۋە دوپامىننىڭ سەزگۈرلۈكىنى تۆۋەنلىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ ئەسكەرتىدۇ دوكتور سىك.

بۇنىڭدىن باشقا، خۇمار قىلىپ قويۇش خەۋپىمۇ بار. مۇبادا دوپامىننى لەڭگەرلەش ساغلام بولمىغان ئادەتلەرگە قوللىنىلسا (مەسىلەن، چەكلىمىسىز تور ئويۇنى ئويناش، توردىن نەرسە كېرەك سېتىۋېلىشتا ئۆزىنى تۇتىۋالالماسلىق قاتارلىقلار)، ئاخىرىدا ئۆزىڭىزنى تەربىيىلەشنىڭ ئورنىغا دىققىتىڭىزنىڭ چېچىلىشىغا سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ دوكتور شىق.

## قانداق باشلاش كېرەك

ئەگەر سىز دوپامىننى لەڭگەرلەشنى سىناپ باقماقچى بولسىڭىز، مۇتەخەسسىسلەر كۆرسەتكەن تۆۋەندىكى توغرا ئۇسۇلنى قوللىنىپ كۆرۈڭ:

كونكرېت بولۇڭ. پارولو دائىم ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپ كېلىۋاتقان مەلۇم بىر ۋەزىپە ياكى ئادەتنى تاللىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ «تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولۇش» دېگەندەك ئېنىقسىز ئىش بولماستىن، بەلكى «خىزمەت ئېلخەتلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇش»، «كىرىم-چىقىم ھېساباتلىرىنى قىلىش» ياكى «ئۆيلەرنى رەتلەش» قاتارلىق كونكرېت ۋە ئۆلچىگىلى بولىدىغان ئىشلارنى كۆزدە تۇتىدۇ.

مۇكاپاتنى ۋەزىپىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىگە ماسلاشتۇرۇڭ. مەسىلەن، كىيىم-كېچەكلەرنى قاتلاۋاتقاندا بەلكىم ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان پودكاست ياخشى ماسلىششى مۇمكىن. باج ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش تېخىمۇ چوڭراق مۇكاپاتلارنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. يەنى ئەڭ ياقتۇرۇپ يەيدىغان تاماقلارنى يېيىشكە ئوخشاش، دەيدۇ پارولو.

مۇكاپاتلاش ئاددىي ۋە قولايلىق بولسۇن. پارولو مۇنداق دەيدۇ: «بەك مۇرەككەپ مۇكاپات سىستېمىسى بەرپا قىلىۋالماڭ. بولمىسا ئۇنىڭ ئۆزى توسالغۇغا ئايلىنىپ قالىدۇ.» سىز ئەمەلىي ئىش قىلىشتىن كۆرە، مۇكاپات سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلسىڭىز، ئۇ يەنە بىر خىل سۈرەلمىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

دەرھال نەتىجىگە ئېرىشىشنى كۈتمەڭ. قىزغىنلىق ھەرگىزمۇ ۋېكلىيۇچاتېلغا ئوخشاش شۇ ھامان قوزغالمايدۇ. شۇڭا قىزغىنلىقنىڭ قوزغىلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش كېرەك. پارولو مۇنداق دەيدۇ: «سىز ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شەكىللىنىپ قالغان نېرۋا يوللىرىنى قايتا ئۇلاۋاتقان بولغاچقا،

دەسلەپتە ئەپسىز ھېس قىلىشىڭىز نورمال ئەھۋال.»

توغرا ئاك تۇرغۇزۇڭ. دوكتور شىن مۇنداق دەيدۇ: «توغرا ئاك تۇرغۇزغاندا ئۆزىڭىزنىڭ ئىچكى ھالىتىڭىزنى توغرا بايقىيالايسىز ۋە چۈشىنەلەيسىز.» بۇ سىزنىڭ دوپامىننىڭ ئۆرلەش ۋە پەسىيىشىنى ئايرىيالىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. ھەممە ھەرىكەت قىلىشتىن بۇرۇن سەل توختىۋېلىش ئارقىلىق غىدىقلاش بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇش ئوتتۇرىسىدا بوشلۇق يارىتىدۇ. دوكتور شىن يەنە قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەنە سىزنىڭ مۇكاپاتلاشنى بىردەملىك قىزغىنلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى مەقسەتلىك ئېلىپ بېرىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.»

ئىلگىرىلەشلىرىڭىزنى كۆزىتىڭ. سىزگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئامىللارنى يەنى، مۇكاپات، قىزغىنلىق دەرىجىسى، كەيپىيات ھەمدە لەڭگەرلەشنىڭ ئۈنۈمى قاتارلىقلارنى خاتىرىلەپ مېڭىش ئارقىلىق نېمىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇۋاتقانلىقى ۋە نېمىنى تەڭشەش كېرەكلىكىنى ئېنىق بىلىۋالالايسىز.

ئاخىرىدا، ھەر قانداق يېڭى ئادەتكە ئوخشاش، ئىزچىللىقنى ساقلاش مەسىلىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكتىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ.

## مېڭىڭىزنى ھەقىقىي ياخشى ئادەتلەر بىلەن تەربىيىلىيەلەمسىز؟

چۈشكۈنلۈك، دىققىتىنى يىغالماسلىق ۋە جىم تۇرالماسلىق (Attention Deficit Hyperactivity Disorder) كېسىلى (يەنى مېڭىنىڭ ئۆزىنى تەڭشەش ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان كۆپ ئۇچرايدىغان نېرۋا تەرەققىيات كېسىلى) ياكى ئەنسىزلىك قاتارلىق مەسىلىلەر قىزغىنلىقىڭىزغا تەسىر كۆرسەتكەچكە، دوپامىننى لەڭگەرلەش خۇددى سۇنۇقنى ۋاقىتلىق تېڭىپ قويغاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. «بۇ ئامال ئاغرىقنى ۋاقىتلىق يېنىكلىتەلىسىمۇ، ئەمما سۇنۇقنى تۈپتىن ساقايتالمايدۇ» دەيدۇ پارۇلو.

ئەمەلىيەتتە، چۈشكۈنلۈك، دىققىتىنى يىغالماسلىق ۋە جىم تۇرالماسلىق (ADHD) ياكى خۇمار بولۇپ قېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ مېڭىسىنى مۇكاپاتلاش ئاللىقاچان قالايمىقانلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا كلىنىكىلىق يېتەكچىلىك يوق ئاساستا ئۇلارنى باشقۇرۇشقا ئۇرۇنۇش ئەمەلىيەتتە ئۇ ئالامەتلەرنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ، دەپ ئەسكەرتىدۇ دوكتور ساين.

پارولو يەنە ئەگەر دوپامىننى لەڭگەرلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش ياكى مەغلۇبىيەتتىن قورقۇش قاتارلىق يوشۇرۇن روھىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇشتىن ساقلىنىشنى ئويلىشىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى قوشۇمچە قىلىدۇ. بۇ مەسىلىلەر سىزنى سۆرەلمىلىك دەۋرىيلىكىدە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

https://www.verywellmind.com/dopamine-anchoring-for-motivation-11897853



ئۇيغۇر تەتقىقاتى

# خىتاينىڭ چەتئەللەرگىچە سوزۇلغان نازارىتى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى قانداق يالغۇز قالدۇرۇۋاتىدۇ

هېنرى سزادىسۋېسكىي

# خىتاينىڭ چەتئەللەرگىچە سوزۇلغان نازارىتى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى قانداق يالغۇز قالدۇرۇۋاتىدۇ: «ئەگەر ئائىلەمدىكىلەرگە تېلفۇن قىلسام، مەسىلە چىقىدۇ»

هېنرىي سزادىسۋېسكىي

2017-يىلى ئامېرىكىدا ياشايدىغان ئابلاجان ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر شەرقىي تۈركىستانىنىڭ جەنۇبىدىكى خوتەن شەھرىدە تۇرۇشلۇق ئاتا-ئانىسىغا تېلفۇن قىلغان. ئانىسى ئۇنىڭغا قايتا تېلفۇن قىلماسلىقنى تاپىلىغاندا، پاراڭ تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ قالغان. ئانىسى ئابلاجان ئۆزلىرى يەنە ئالاقە قىلسا، يۇرتتىكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ جازالىنىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغان. ئاشۇ تېلفۇندىن كېيىنكى سەككىز يىل مابەينىدە، ئابلاجان ئاتا-ئانىسى بىلەن سۆزلىشىپ باقمىغان.

بۇ ئۈزۈنغا سوزۇلغان خەۋرلىشەلمەسلىك شەخسىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يامانلىشىشىدىن ئەمەس، بەلكى دۆلەتنىڭ ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن كونتروللۇقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللىق ۋە كۆپىنچىسى مۇسۇلمان مىللەت بولۇپ، خىتايدا نوپۇسى تەخمىنەن 12 مىليون، مۇھاجىرەتتە بىرىم مىليون ئەتراپىدا. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر يۇرتىنى «شىنجاڭ» ياكى «يېڭى رايون» دەپ ئاتايدۇ. بۇ نۇرغۇن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن مۇستەملىكىچىلىك ئاتالغۇسى دەپ قارىلىدۇ. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار «شەرقىي تۈركىستان» ۋە «ئۇيغۇر رايونى» دېگەن جاي ناملىرىنى ئىشلىتىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ.

2016-، 2017 - يىللىرىدىن باشلاپ خىتاي دۆلىتىنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرى دەپ قارالغان نازارەت قىلىش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنى ئۇيغۇر رايونىدا كېڭەيتىشكە ئەگىشىپ، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي ئىچىدىكى ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالغان. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2020-يىلى ئاشكارىلانغان سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلدىكى تۇغقانلىرى بىلەن قىلغان «چەتئەل ئالاقىسى» تۇتقۇن قىلىنىشنىڭ بىر سەۋەبى قىلىپ كۆرسىتىلگەن. يىراق مۇساپىلىك ئالاقە ئەرزان ۋە تېز بولغان بۇ دۇنيادا، بىر قېتىملىق تېلفۇن پارىڭىمۇ (ئۇيغۇرلار ئۈچۈن) ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

مەن ۋەتىنىدىكى ئائىلە ئەزالىرى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىر دوكلات ئۈچۈن تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقىنىمدا، ئابلاجاننىڭ بۇ سۆكۈتىنىڭ سەۋەبى سۈپىتىدە دۆلەتنىڭ تەھدىتىنى تىلغا ئالغان ھېكايىسى مۇستەسنا ئەھۋال ئەمەس ئىدى. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-ئانىسى، قېرىنداشلىرى ۋە يېقىن تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگىنىگە ئون يىلغا يېقىنلاشتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئاڭلاشتىن كېلىپ چىققان تەسەللىي تاپمىغان قايغۇ، بوۋا-مومىلىرىنى تونۇماي چوڭ بولغان بالىلاردا شەكىللەنگەن ئەۋلادلار ئارا روھىي جاراھەت، روھىي ساغلاملىقنىڭ يامانلىشىشى ۋە ئائىلە تۇرمۇشىغا يىلتىز تارتقان مەدەنىيەت ئادەتلىرىدىن يىراقلىشىش قاتارلىق ئېغىر زىيانلار باش كۆتۈردى. بۇ خىل ئاقىۋەت دۇنيا مىقياسىدا ئىسلامغا ئۆچمەنلىك قىلىش ھەرىكەتلىرى كۈچىيىۋاتقان، مۇسۇلمان جەمئىيەتلىرى بارغانسېرى خەۋپسىزلىك نىشانى قىلىنىۋاتقان، نازارەت ئاستىغا ئېلىنىۋاتقان ۋە كوللېكتىپ تەھدىت سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىۋاتقان بىر ئارقا كۆرۈنۈشتە يۈز بەرمەكتە. بۇ شارائىتلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ ئادەتتىكى ئائىلە تۇرمۇشى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن پەۋقۇلئاددە كونتروللۇقىنى نورماللاشتۇرۇۋەتمەكتە.

تونۇشلار ئارقىلىق ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن ۋاستىلىك ئالاقە قىلىشمۇ دائىرىلەرنىڭ زەربە بېرىشىگە سەۋەب بولغان. بىر ئۇيغۇرنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۆتكەن يىلى باشقىلارنىڭ ۋاستىچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان، ھېچقانداق سىياسىي تۈسى بولمىغان بىر قېتىملىق ئالاقىدىن كېيىن، بىخەتەرلىك خادىملىرى ئۇنىڭ قېيىنئاتىسىنى سوراققا تارتقان. ئالاقە قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان تەقدىردىمۇ، بەزى ئائىلىلەر نازارەت ئاستىدىكى ياكى ئالدىن سىنارىيە تۈزۈلگەن تېلېفون سۆزلىشىشلىرىگە مەجبۇرلانغان. بۇ سۆزلىشىشلەر گەرچە «نورماللىق» نى سۈنئىي كۆرسىتىشكە تىرىشسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر خىل قورقۇتۇش ۋاستىسى سۈپىتىدە رول ئوينىغان. يەنە بەزىلەرگە ئائىلىسى بىلەن جەم بولۇش پۇرسىتى تەمىنلەنگەن. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن چەت ئەلدىكى باشقا ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىشقا قوشۇلۇش ياكى ئاكتىپ پائالىيەتلەردىن قول ئۈزۈش قاتارلىق قاتتىق شەرتلەر قويۇلغان. خەۋەر كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ئادەتتە تولۇق بولمايتتى ياكى نەچچە يىل كېچىكىپ كېلەتتى. شۇ سەۋەبلىك، ئەھۋالنىڭ ئېنىق بولماسلىقىدەك بۇ مۈجمەللىك دائىمىي ھالەتكە ئايلىنىپ قالغان. بۇلار گەرچە باش بەتلەردىن ئورۇن ئالىدىغان غۇلغۇلىلىق زىيانكەشلىكلەر بولمىسىمۇ، ئەمما كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان سىستېمىلىق زىيانلاردۇر.

نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئائىلە — دۆلەتنىڭ ئۇلارغا چېگرا ھالقىپ تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن قوللىنىۋاتقان بىر ۋاستىسىدۇر. دۆلەت ئىچىدىكى ئائىلە ئەزالىرى چەت ئەلدىكى تۇغقانلىرىنىڭ قىلمىشلىرى، سۆز-ھەرىكەتلىرى، ھەتتا ئۇلارنىڭ پەقەت چەت ئەلدە

بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ جازالىنىدۇ. بۇ خىل تەھدىت چەت ئەلدىكى تەنقىدىي پىكىرلەرنى جىمىقتۇرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سۈكۈت قىلىشى ئۇلاردا دەرد-ئەلەم بولمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر رايونىدا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ بولۇشىنىڭ دۆلەت ئۈچۈن بىر خىل «دەستەك» ياكى گۆرۈگە ئايلىنىپ قالغانلىقىدىندۇر. ئەسلى قەشقەرلىك، ھازىر تۈركىيەدە ياشايدىغان يۈسۈپ ئانىسى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 2018-يىلى سۆزلەشكەن. گەرچە يۈسۈپ ئانىسىنىڭ تۇتۇلۇشىغا شۇ قېتىملىق سۆزلىشىشنىڭ سەۋەب بولغان-بولمىغانلىقىدىن جەزم قىلالمىسىمۇ، ئەمما ئانىسى شۇ يىلى تۇتۇلۇپ كېتىپ، ئالتە يىل تۈرمىدە ياتقان. كۆپ يىللىق ئايرىلىشقا قارىماي، ھەتتا ئالاقە قىلىش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋاللاردا تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئائىلە رىشتىدىن ۋاز كېچىشنى رەت قىلىش پوزىتسىيەسى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى.

ختاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر رايونىنىڭ مۇقىم، ئوچۇق، ساياھەت ۋە مەبلەغ سېلىشقا تەييار ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشىپ كەلمەكتە. 2021-يىلى 1-ئايدىكى بىر قېتىملىق ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، شىنجاڭ ئۇچۇر ئىشخانىسىنىڭ باياناتچىسى زۇلھايات ئىسمايىل: «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئۇلارنىڭ چەت ئەلدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئەركىن ۋە نورمال» دەپ دەۋا قىلدى. ئەمما، بۇ دەۋا مەن بىلەن سۆزلەشكەن ئۇيغۇرلارنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرىگە پۈتۈنلەي قارشى كېلىدۇ. يۈسۈپ چۈشەندۈرگىنىدەك: «ئەگەر مەن ئائىلەمدىكىلەرگە تېلېفون قىلسام، جەزمەن مەسىلە چىقىدۇ.»

ئۇنداقتا ختاينىڭ چېگرا ھالقىغان زىيانكەشلىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىۋاتقان تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن بۇ قورقۇتۇش ۋە مەجبۇرلاشلار ئۈنۈملۈك ئايرىلىشىش بولماستىن داۋاملىشىۋېرىدۇ؟ بۇنىڭ بىر قىسىم سەۋەبى، دۇنيانىڭ دىققىتى باشقا جىددىي ۋەقەلەرگە بۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىدە بولۇپ، بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى مۇستەبىت كونتروللۇقنىڭ يوشۇرۇن بىر قورالىغا ئايلانغان بۇ زىيانكەشلىكلەرگە يالغۇز تاقابىل تۇرۇشقا تاشلاپ قويىدى. شۇنداقتىمۇ، چېگرا ھالقىغان زىيانكەشلىك مەسىلىسىنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك بىر مەسىلە ئىكەنلىكى ۋە دېموكراتىك جەمئىيەتلەر ئۈچۈن كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان بىر خىرىس ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنماقتا. ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ 2026-يىلى 1-ئايدىكى بىر ئانالىز دوكلاتىدا، دۆلەتلەرنىڭ چەت ئەلدىكى مۇھاجىرلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن نازارەت قىلىش، قورقۇتۇش ۋە ئائىلە ئەزالىرى ئارقىلىق مەجبۇرلاش ۋاستىلىرىنى بارغانسېرى كۆپ قوللىنىۋاتقانلىقى ھۆججەتلەشتۈرۈلگەن.

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى، جۈملىدىن «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى» نىڭ 17-ماددىسى شەخسلەرنىڭ شەخسىي مەخپىيەتلىك ۋە ئائىلە تۇرمۇش ھوقۇقىنى، شۇنداقلا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقە قىلىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇڭا، شەخسلەر ئالاقە

قىلسا يېقىنلىرىنىڭ دۆلەت زوراۋانلىقىغا ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ ئالاقىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئەھۋاللارغا جەزمەن ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈردۇر. چۈنكى بۇ خىل دۆلەت تەھدىتى بەزىدە ئاشكارا بولسا، بەزىدە تولىمۇ يوشۇرۇن بولىدۇ.

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتلىرىم جەريانىدا، مېنىڭ دىققىتىمنى تارتقىنى پەقەتلا يوقىتىش ۋە گۇناھكارلىق ھېسسىياتى ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ غۇرۇرى بولدى. كۆپ يىللىق ئايرىلىشقا قارىماي، ھەتتا ئالاقە قىلىش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا تۇرسىمۇ، ئۇلار ئائىلە رىشتىدىن ۋاز كېچىشنى قەتئىي رەت قىلغان. غۇلجىلىق رەيھانگۈل مۇنداق دېدى: «ھازىر تۇرمۇشۇمنىڭ ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن خۇشالمەن. بالىلىرىم، يولدىشىم ۋە خىزمىتىمنىڭ بولۇشى مېنىڭ يالغۇزلۇق ھېس قىلماسلىقىمغا ياردەم قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۆز تۇرمۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولسامۇ، قېرىنداشلىرىمنىڭ بىر يەردە ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.»

مەن بىلەن سۆزلەشكەن ئۇيغۇرلار ھېسداشلىق ياكى ئالاھىدە مۇئامىلە تەلەپ قىلمىدى. ئۇلارنىڭ تەلىپى تولىمۇ ئاددىي — قورقۇنچسىز ھالدا ئائىلىسى بىلەن ئالاقە قىلىش ۋە يېقىنلىرىنىڭ ئامان-ئېسەن ئىكەنلىكىنى بىلىش.

(بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ سالاھىيىتىگە ئائىت بارلىق تەپسىلاتلار بىخەتەرلىك يۈزىسىدىن چىقىرىۋېتىلدى.)

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

https://www.thenewhumanitarian.org/opinion/2026/02/24/how-china-transnational-surveillance-isolating-uyghur-families?__cf_chl_f_tk=T9tZ3o1lwF0qEs89u1zYVZGbJA5rKbWbt8pxgmbw3bc-1783447978-1.0.1.1-6wEa57Nuug4Y4xmFytoVxYYvfGTj.fnXN9248zaG6BU



# باشقىلارنى ھاقارەتلەش ۋە ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولامدۇ؟

مەمەت ئىمىن دوختور

# باشقىلارنى ھاقارەتلەش ۋە ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولامدۇ؟

مەمەت ئىمىن دوختۇر

بەزى كىشىلەرنىڭ باشقىلارنى ئۆزى توغرا دەپ بىلگەن يولغا باشلاش ياكى مىللەتكە پايدىلىق دەپ قارىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەش ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ خاتالىقى ياكى ئۆزى توغرا بولمىدى، دەپ قارىغان بەزى سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ غۇرۇرىنى سۇندۇرىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلغانلىقىنى، ھەتتا ئۇلارنى ئىنكار قىلىپ، پۈتۈنلەي يوققا چىقارماقچى بولغانلىقىنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئۇ خىل كىشىلەر كۆپىنچە ئەھۋالدا گەرچە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغانلىقىنى تەكىتلىسىمۇ، ئەمما قوللانغان ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولماسلىقى سەۋەبلىك بەزى ئەكس تەسىر يارىتىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىسە كېرەك.

ئۇنداقتا باشقىلارنى ھاقارەتلەش، غۇرۇرىنى سۇندۇرۇش ياكى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىجابىي جەھەتتىن ئۆزگەرتكىلى بولامدۇ؟

ئەگەر بىز باشقىلارنىڭ ئازراق خاتالىقىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆزىمىز توغرا دەپ بىلگەن يولغا باشلاش ياكى ئۇلارنى مىللەتكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەش ئۈچۈن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلساق، ئۇلارنى ھاقارەتلىسەك، ھەتتا ئۇلارنى ئىنكار قىلىپ يوققا چىقارساق، بەزىلەردە بەلكىم خىجالەت، قورقۇنچ ياكى مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى يارىتىپ، قىسقا مۇددەتلىك بىر «ئۆزگىرىش» پەيدا قىلالىشىمىز مۇمكىن. ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ ھەقىقىي ئۆزگىرىش ئەمەس.

بۇ خىل ئۇسۇللارنىڭ كېلىپ چىقىدىغان سەلبىي ئاقىۋەتلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1. يىسخىكىلىق قارشىلىق كۈچىيىدۇ. ئادەم ھاقارەتلەنگەندە، مېڭە ئاپتوماتىك ھالدا «مۇداپىئە ھالىتى»گە ئۆتىدۇ. بىز ئېيتقان ئەقىلگە مۇۋاپىق گەپلەرمۇ ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار پەقەت ئۆزىنى قوغداش ۋە سىزگە ئۆچمەنلىك قىلىش بىلەن ئاۋارە بولىدۇ.

2. غۇرۇرنىڭ سۇنۇشى ئىنسانلاردا ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم غۇرۇرىنى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتسا، ئۇ ئۆزىنى «ياخشىلىنىشقا لايىق ئەمەس» دەپ قاراشقا باشلايدۇ. «مەن شۇنداق ناچار ئادەم ئىكەنمەن، ئۆزگىرىپ نېمە قىلاتتىم؟» دەيدىغان پسىخىكا شەكىللىنىپ، تېخىمۇ ناچارلىشىپ كېتىشى مۇمكىن.

3. مۇناسىۋەتنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق ئۇسۇللار ئوتتۇرىدىكى ئىشەنچنى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ. ئۆزگىرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن «ئىشەنچ» ۋە «ھۆرمەت» لازىم. كىشى ئۆزىنى ھۆرمەتلىمەيدىغان، كەمسىتىدىغان ئادەمنىڭ سۆزىنى چىن كۆڭلىدىن قوبۇل قىلمايدۇ.

4. يوشۇرۇن ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدۇ. سىز قورقۇتۇش ياكى ھاقارەت بىلەن ئۆزگەرتمەن دېگەن ئادەم، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۆزىنى تۈزەتكەندەك كۆرسەتسىمۇ، ئارقىڭىزدا تېخىمۇ ئېغىر خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈشى، ھەتتا سىزدىن ئۆچ ئېلىش پىلانىنى تۈزۈشى مۇمكىن.

5. غورۇرى سۇنغان ئادەمنىڭ بۇرۇن قىلغان ئىشلىرىنى تېخىمۇ يوشۇرۇن قىلىشىنى ۋە جامائەتتىن يىراقلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىككە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**ھەقىقىي ئۆزگىرىش قانداق مەيدانغا كېلىدۇ؟**

باشقىلارنى ئۆزگەرتمەكچى بولغاندا، تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتا ئەڭ ئۈنۈملۈك:

1. ھۆرمەت قىلىش. قارشى تەرەپنىڭ شەخسىيىتىگە چېقىلماي، پەقەت خاتا قىلمىشنى كۆرسىتىپ بېرىش.

2. ئىلھاملاندۇرۇش. ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جەزملەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلاردا «مەن تېخىمۇ ياخشى بولالايمەن» دەيدىغان ئىشەنچ تۇرغۇزۇش.

3. ئۈلگە بولۇش. سۆز بىلەنلا ئەمەس، ئۆزىڭىزنىڭ ھەرىكىتى بىلەن توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىش.

قىسقىسى، باشقىلارنى ھاقارەتلەش، غۇرۇرىنى سۇندۇرۇش ياكى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىجابىي جەھەتتىن ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. ئۆچمەنلىك بىلەن يارىلانغان قەلب ھەرگىزمۇ گۈزەللىككە قاراپ تەرەققىي قىلمايدۇ. ئۆزگىرىش قورقۇنچتىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئارا چۈشىنىش، ئۆز ئارا سۆيگۈ ۋە قەدىرلىنىشتىن باشلىنىدۇ.

# ئۆتكەن ئىككى ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا
# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر



**(2026 -يىلى 1 – ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 2 – ئاينىڭ 28- كۈنىگىچە)**

# دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار

(2026 ـ يىلى 1 ـ ۋە 2 ـ ئاي)

1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى:

**خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى پاش قىلغان گۇەن خېڭغا ئامېرىكىدىن پاناھلىق بېرىلدى**

ئۇيغۇر رايونىدىكى تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىنى مەخپىي سىنىغا ئېلىپ پاش قىلغان خىتاي پۇقراسى گۇەن خېڭغا ئامېرىكا سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن رەسمىي پاناھلىق بېرىلدى. كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ئۆز خاھىشىغا قارشى تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بۇ رايوندا، 38 ياشلىق گۇەن خېڭ 2020 ـ يىلى لاگېرلارنى مەخپىي سىنىغا ئالغان ۋە كېيىنچە بۇ سىنلارنى يۇتيۇبقا ئوخشاش سۇپىلاردا ئېلان قىلغان.

گۇەن خېڭ 2021 ـ يىلى ئامېرىكىغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۆتكەن يىلى ئاۋغۇستتا ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ كوللېكتىپ چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش پىلانى دائىرىسىدە تۇتۇپ تۇرۇلغان. دەسلەپتە ئۇنى ئۇگاندىغا قوغلاپ چىقىرىش پىلانلانغان بولسىمۇ، ئەمما جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك دىققىتى ۋە ئەندىشە قوزغىغاندىن كېيىن، بۇ پىلان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. چارشەنبە كۈنى ئېلىپ بېرىلغان سوتتا، گۇەن خېڭ ئۆزىنىڭ لاگېرلارنى سىنىغا ئېلىشتىكى مەقسىتىنىڭ پاناھلىق تىلەش ئۈچۈن ئاساس يارىتىش ئەمەس، بەلكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلغانلىقى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا ۋە گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەر خىتاينى ئۇيغۇرلارغا قارىتا «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» ۋە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ئۆتكۈزۈش بىلەن ئەيىبلەپ كەلمەكتە. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتلىرىمۇ رايوندىكى لاگېرلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى دەلىللىگەن. خىتاي بۇ ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلىپ، بۇ ئورۇنلارنى «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە كەسپىي تەربىيەلەش مەركەزلىرى» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، لاگېردىن قۇتۇلۇپ چىققانلار ئۇ يەردە تۈرلۈك قىيىن ـ قىستاقلارغا ئۇچرىغانلىقىنى مەلۇم قىلغان.

سوتچى گۇەن خېڭنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلسا جەزمەن زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ

خىتايدىكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئاللىبۇرۇن سوراقتا تارتىلغانلىقىنى قەيت قىلدى. گۈەن خېڭنىڭ ئادۋوكاتى بۇنى «پاناھلىق بېرىش تۈزۈمىنىڭ نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇشى كېرەكلىكىگە بېرىلگەن جانلىق مىسال» دەپ تەسۋىرلىدى. ئامېرىكا ئىچكى بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ 30 كۈن ئىچىدە بۇ قارار ئۈستىدىن ئەرز قىلىش ھوقۇقى بار.

https://www.bbc.com/news/articles/cn8jkrzl85go

2ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى:

**تەتقىقات: خەلقئارالىق پاش قىلىش خىتاينى لاگېر سىياستىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىغان**

يېقىندا ئېلان قىلىنغان بىر ئىلمىي تەتقىقات، خەلقئارالىق تەكشۈرۈش ژۇرنالىستلىرى بىرلەشمىسىنىڭ (ICIJ) پاش قىلىشى، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشۋىقاتى ۋە ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشى — خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى ئاممىۋى تۇتقۇن سىستېمىسى بويىچە پوزىتسىيە ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

پراگادىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ سىياسىي پەنلەر تەتقىقاتچىسى يان شۋېكنىڭ (Jan Švec) ئانالىزىغا قارىغاندا، بېيجىڭنىڭ لاگېرلارغا بولغان ئاممىۋى پوزىتسىيەسى دەسلەپتە پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشتىن، كېيىنچە ئۇنى ئاقلاشقا، ئاخىرىدا بولسا لاگېرلارنى قىسمەن تاقاش ياكى باشقا مەقسەتكە بۇرۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان. تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2019ـ يىلى ICIJ ئاشكارىلىغان «خىتاي كابېللىرى» (China Cables) ناملىق مەخپىي ھۆججەتلەر بۇ جەرياندا بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغان. بۇ ھۆججەتلەر لاگېرلارنىڭ مەجبۇرىي خاراكتېرىنى ۋە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان سىستېمىلىق تۇتقۇن ئىكەنلىكىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئىسپاتلاپ بەرگەن.

تەتقىقاتچى شۋېك خىتاينىڭ خەلقئارالىق «نامىنى ئاشكارىلاپ نومۇسقا قويۇش» بېسىمىغا سەل قارىيالمايدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئوبرازى ۋە «بىر بەلۋاغ بىر يول» پىلانىغا ئوخشاش ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىگە تەھدىت كەلگەندە، سىياستىنى تەڭشەشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

گەرچە خىتاي دائىرىلىرى «تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەنلىكىنى» ئېلان قىلىپ، بىر قىسىم لاگېرلارنى تاقىغان بولسىمۇ، تەتقىقاتچىلار ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يەنىلا تۈرمىگە

تاشلىنىش، مەجبۇري ئەمگەك ۋە دائىملىق نازارەت ئاستىدا ياشاشتەك جىددىي خىرىسلارغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتمەكتە. بۇ تەتقىقات خەلقئارالىق ئاخبارات بېسىمىنىڭ ھەتتا خىتايدەك كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي قارارلىرىغىمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

https://www.icij.org/investigations/china-cables/beijings-backtrack-on-xinjiang-detention-camps-spurred-by-icij-investigation-research-finds/

2ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى:

**ئۆزۈلمەس قايغۇ: خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە رامزان**

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار مۇبارەك رامزان ئېيىنى خۇشاللىق، جامائەت ئىبادەتلىرى ۋە ئائىلە جەم بولۇشلىرى بىلەن كۈتۈۋېلىۋاتقان بىر پەيتتە، خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلار پۈتۈنلەي باشقىچە، ئېچىنىشلىق بىر رېئاللىققا دۇچ كەلمەكتە. ئۇيغۇر قىزى، ئاپتور ئايدىن ئەنۋەرنىڭ بۇ ماقالىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي كىملىكىنىڭ سىستېمىلىق يوقىتىلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

رايوندا ئەزان ئاۋازى جىمىقتۇرۇلغان بولۇپ، قاراڭغۇدا سوھۇرلۇق قىلىش «ئاشقۇنلۇق» نىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە جازالاش سەۋەبى قىلىنماقتا. ئوقۇغۇچىلار ۋە خىزمەتچىلەر كۈندۈزدە تاماق يېيىشكە مەجبۇرلىنىپلا قالماي، ھەتتا ھاراق ئىچىش ۋە چوشقا گۆشى يېيىش ئارقىلىق دۆلەتكە بولغان ساداقىتىنى ئىسپاتلاشقا قىستالماقتا. مىڭلىغان مەسچىتلەر چېقىۋېتىلگەن ياكى تەشۋىقات مەركەزلىرىگە ئايلاندۇرۇلغان. ئائىلە ئەزالىرى تۈرمىگە تاشلانغان، باللار بولسا دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى يېتىمخانىلارغا ئېلىپ كېتىلگەن بولغاچقا، ھېيت-ئايەملەر سۈكۈت ۋە قايغۇ ئىچىدە ئۆتمەكتە.

ماقالىدە 18 يىل تۈرمىدە ياتقان ئادىل ئابدۇغۇپۇرنىڭ دەھشەتلىك كەچۈرمىشلىرى نۇقتىلىق تىلغا ئېلىنغان. ئۇ ئۇيغۇسىدا ئەزان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن ۋەھشىيانە قىيناقلارغا ئۇچرىغان. تۈرمىدە مەھبۇسلارغا «خۇدا بارمۇ؟»، «قۇرئان ئىنسانلارنى قۇتقۇزالامدۇ؟» دېگەندەك سوئاللار مەجبۇري سورالغان ۋە بېرىلگەن جاۋابلارغا ئاساسەن ئۇلار رەڭلىك كارتىلار بىلەن دەرىجىگە ئايرىلغان. ئادىل ئۆزىنىڭ «ياشىل كارتا» تۈرگە كىرگۈزۈلۈپ، ھەتتا ئانىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر مىل يولنى ئۆمىلەپ بېرىشقا مەجبۇرلانغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن.

تەخمىنەن 500 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئادەتتىكى دىنىي پائالىيەتلىرى سەۋەبلىك تۇتقۇن قىلىنغانلىقى مۆلچەرلەنگەن. ئاپتور دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى رامزان ئېيىدا پەقەت ئۆز ئىبادىتى بىلەنلا چەكلەنمەي، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا زۇلۇم چەككەن مۇسۇلمانلارنىڭ تارتقان زۇلۇملىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا، دۇئا ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاۋازى بولۇشقا چاقىرغان.

https://muslimmatters.org/2026/02/19/an-unending-grief-uyghurs-and-ramadan-under-chinese-occupation/

2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى:

**دوكلات قىسقارتىلمىسى: سۈرلىشتۈرۈلگەن رىشتىلەر — ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ئايرىۋېتىلىشى چېگرا ھالقىغان زىيانكەشلىك قورالى**

ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى (UHRP) تەرىپىدىن 2026 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان بۇ دوكلاتتا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مۇھاجىرلارنى جىمىقتۇرۇش ۋە پىسخىكىلىق بېسىم چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ئائىلە ئەزالىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىشنى قەستەن بىر ئىستراتېگىيە قىلىپ قوللىنىۋاتقانلىقى ئاشكارىلانغان.

دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2016 ـ 2017 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتىشىگە ئەگىشىپ، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ۋەتىنىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۈزۈلۈپ قالغان. تەتقىقاتلار ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەخمىنەن 70 پىرسەنتىنىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالاقىسىز قالغىنىغا ئون يىلدىن ئاشقانلىقىنى مۆلچەرلىگەن.

ئالتە نەپەر گۇۋاھچىنىڭ سۆھبەت خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي دائىرىلىرى دۆلەت ئىچىدىكى ئائىلە ئەزالىرىنى گۆرۈگە ئېلىش ئارقىلىق، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىنى كونترول قىلماقتا. ئالاقە قىلىش پۇرسىتى تەمىنلەنگەن تەقدىردىمۇ، تېلېفون سۆزلىشىشلىرى ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ياكى ئالدىن تەييارلانغان سىنارىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان. بۇ خىل مەجبۇرىي ئايرىلىش ئېغىر پىسخىكىلىق جاراھەت، تەسەللىيسىز قايغۇ ۋە ئەۋلادلار ئارا مەدەنىيەت رىشتىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. نۇرغۇن كىشىلەر ئاتا ـ ئانىسى ياكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يىللار كېيىن ئاڭلىغان.

بۇنىڭدىن باشقا، خىتاي ھۆكۈمىتى پاسپورت بەرمەسلىك، ۋىزا چەكلىمىسى قويۇش ۋە ساياھەت قىلغۇچىلارغا «كاپالەتچى» تەلەپ قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئائىلىلەرنىڭ جەم بولۇشىغا سىستېمىلىق توسقۇنلۇق قىلماقتا. گەرچە خىتاي دائىرىلىرى خەلقئارالىق ئاخبارات يىغىنلىرىدا ئالاقىنىڭ «ئەركىن ۋە نورمال» ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ دەۋالار ئەمەلىيەتتىكى نازارەت، تەھدىت ۋە كوللېكتىپ جازالاش سىياسەتلىرىگە پۈتۈنلەي زىتتۇر.

دوكلات ئاخىرىدا خەلقئارا جەمئىيەتكە، جۈملىدىن ب د ت غا مۇراجىئەت قىلىپ، ئائىلىلەرنىڭ جەم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، چېگرا ھالقىغان زىيانكەشلىكلەرنى نازارەت قىلىش ۋە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي ساغلاملىقىنى قوللاش قاتارلىق تەكلىپلەرنى بەردى. ئائىلە ئەزالىرى بىلەن ئالاقە قىلىش ھوقۇقىنىڭ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچەملىرى تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان بىر تۈپ ھوقۇق ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلدى.

https://uhrp.org/report/fading-ties-uyghur-family-separation-as-a-tool-of-transnational-repression/

2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى:

**ياپونىيە ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى چىقىرىشقا تەييارلانماقتا**

2026ـ يىلى 25ـ فېۋرال، توكيودا ياپونىيە پارلامېنت ئەزالىرى ۋە ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى جەم بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. ياپونىيە پارلامېنتى ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ رەئىسى كېيجى فۇرۇيا يىغىندا سۆز قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»غا ئوخشاش بىر قانۇن لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى (HRW) بۇ مەسىلە ھەققىدە ياپونىيەگە تەۋسىيە بېرىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلەشنىڭ خىتايغا بېسىم ئىشلىتىشتىكى مۇھىم قەدەم ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. تەشكىلات يەنە، ئىمپورت قىلغۇچى شىركەتلەرنىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش مەجبۇرىيىتى بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خىتاينىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك سىياستى ئاپتوموبىل، قۇياش

ئېنېرگىيىسى تاختىسى، كىيىم-كېچەك ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق دۇنياۋى تەمىنات زەنجىرىگە سىڭىپ كىرگەن. ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئىلگىرىمۇ خەلقئارالىق سورۇنلاردا خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە بولغان ئەندىشىلىرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. بۇ خىل يېڭى قانۇنىي تەدبىرلەر شىركەتلەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە ئىنسانىي ھوقۇقنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

https://www.hrw.org/news/2026/02/27/japan-should-adopt-regulation-to-counter-uyghur-forced-labor

2- ئاينىڭ 25 - كۈنى:

**تايلاند خىتايغا مەجبۇرىي قايتۇرۇپ بەرگەن 40 ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرى بىر يىلدىن بېرى نامەلۇم**

2025-يىلى فېۋرالدا، تايلاند دائىرىلىرى بانكوكتىكى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا ئون يىلدىن ئارتۇق ياتقان 40 ئۇيغۇرنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى بىلەن مەجبۇرىي قايتۇرۇپ بەرگەن ئىدى. بىر يىلدىن بېرى بۇ كىشىلەرنىڭ تەقدىرى يەنىلا نامەلۇم بولۇپ قالماقتا. كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ مەجبۇرىي قايتۇرۇش ھەرىكىتى خەلقئارا قانۇندىكى «قايتۇرماسلىق» (non-refoulement) پىرىنسىپىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپتۇر؛ چۈنكى ئۇيغۇرلار خىتايدا قىيىن-قىستاق ۋە سىستېمىلىق زىيانكەشلىككە ئۇچراش خەۋپىگە دۇچ كېلەتتى.

گەرچە خىتاي ۋە تايلاند ھۆكۈمەتلىرى بۇ ھەرىكەتنى «ئائىلىسى بىلەن جەم قىلىش» دەپ پەردازلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ چەت ئەلدىكى تۇغقانلىرى بىر يىلدىن بېرى ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىغان. 2025-يىلى مارت ئېيىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق كۆرسەتمە خاراكتېرلىك زىيارەتتىن كېيىن، ھېچقانداق مۇستەقىل كۆزەتكۈچى ياكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئۇلارنى كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىنمىغان. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ياكى تۇرۇۋاتقان ئورنى ھەققىدە ئۇچۇر بەرمەسلىكى خەلقئارا قانۇن بويىچە «مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش» جىنايىتىگە كىرىدۇ.

تايلاند بېيجىڭنىڭ بېسىمىغا بوي ئەگكەن بىردىنبىر دۆلەت ئەمەس؛ ئۆتكەن ئون يىلدا مىسىر، كامبودژا، مالايسىيا، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ھەتتا تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي تەرەپنىڭ تەلىپى بىلەن تۇتقۇن قىلىنىش ياكى قايتۇرۇلۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن. ب د ت مۇساپىرلار مەھكىمىسى (UNHCR) مەزكۇر 40 كىشى قايتۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشنى قايتا-قايتا

تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، تايلاند دائىرىلىرى رەت قىلغان.

نۆۋەتتە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى دۇنيا دۆلەتلىرىنى ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى دەرھال توختىتىشقا، تايلاند ھۆكۈمىتىنى بولسا بېيجىڭغا بېسىم ئىشلىتىپ، مەزكۇر 40 كىشىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن مۇستەقىل كۆزەتكۈچىلەرگە چەكلىمىسىز زىيارەت پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا چاقىرماقتا.

https://www.hrw.org/news/2026/02/26/unknown-fate-for-uyghurs-deported-from-thailand-to-china

**ئۆ. ئالماس تەييارلىدى**


ئۇيغۇرلار
The Uyghurs
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival